مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# MIRAS (HERITAGE OF UYGHUR FOLK CULTURE)

# ميراس

3
2013
美拉斯

ISSN 1004-3829



# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال  2013 ـ يىل 3 ـ سان

(ئومۇمي 137 ـ سان)

## ئەجداد مىراسى — ئەۋلاد جۇلاسى


فولكلور خەزىنىسىنى قازغۇچى «مىراس» ژۇرنىلى بىسىپ ئۆتكەن مۇساپە ......
.......................... ماھمۇد زەيىدى (1)


## مىراسلىرىمىز


يەكەندىكى مۇقەددەس جايلار .......... ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى (6)
قىلىچ بۇغراخان قەبرىگاھى .................. تۇرغۇنجان ئۆمەر (63)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


قەدىمكى تارىمنىڭ بورىچىلىقى ................... مەتسەئىدى مەتقاسىم (9)
دولان مەشرەپلىرىنىڭ تەربىيەۋى رولى توغرىسىدا ... باتۇر داۋۇت قۇربىغار (22)
ئاتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ...... ئامىنە مۇھەممەد ئايچىن (50)
خوتەندىكى چار بازارچىلىق ...................... مۇتەللىپ ئىقبال (59)
مىراس قىزغىنلىقى ۋە مەشرەپ تەتقىقاتى ......... خۇدابەردى ئابىخان (66)


## ۋەسىقىلەر


قەشقەر تېكىستلىرى .......................... ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (12)


## بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا


چۇشنى سېتىش .................................. (17)





نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى** (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**
**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


## ئادەت قىرىماس

خۇنخاي مازىرىدىكى توي خاتىرىسى ........................
........................ ئابدۇشۇكۇر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخ (27)
ئۇيغۇرلاردا لەقەم قويۇش ئادىتى ................ ئابدۇغېنى ئوسمان (54)

## ھەرگۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

تارىخي ماتېرىياللار .................... ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى (32)
ئېئاستېر ئارىلىدىكى دۆلەت باغچىسى ... مېھرىگۇل قادىر تەرجىمىسى (73)

## ئايدىڭ كېچىلەر

قوشاقلار ........................................ (47)

## يېمەكلىرىمىز

ئۇيغۇرلاردا سىركە ئىستېمالى ........................ ھەبىبە نالە (70)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 30 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 30 يىللىق شانلىق تارىخىدا 137 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قىزغىن سالام يوللايمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۇر ئېيتىمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «ئۇيغۇر چالغۇلىرى» نۆۋبەت تەمىنلىگەن


Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


社长,总编：
**阿扎提·苏里坦**
(教授,博导)
副社长,副总编：
**木合塔尔·买买提**
(编审,法人代表)
**本期责任编辑：**
**努尔尼沙·巴克** (副编审)
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:**58—60**
**E_mail:** mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# فولكلور خەزىنىسىنى قازغۇچى «مىراس» ژۇرنىلى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە

**ماھمۇد زەيدى**



بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشتا مىللىي مىراسلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇشىدا كۆرۈنىدۇ. «مىراس» ژۇرنىلى بۇ مىللىي مىراسلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان فولكلور بايلىقنى بايان قىلىپ، خەلقنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

«مىراس» ژۇرنىلى مۇشۇ 30 يىللىق مۇساپىسىدە مەدەنىيەت ساھەسىدە يىقىلماس ھەيكەل تىكلىدى. تارىخ ۋاراقلىرىدا ئۆچمەس ئىز، كىشىلەر قەلبىدە ھېكمەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىدى. ئېلىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا چېتىشلىق فولكلور ماتېرىياللىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتقان «مىراس» ژۇرنىلى ئۆزىدە نامايان قىلغان ئەسەرلىرى بىلەن ئۇ بىر ھېكمەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان قامۇس. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە، ئەقىل-ئىدراكىمدا نۇرلۇق ماياكتەك ئۆتمۈش ئۇزاق تارىخنى، بۈگۈنكى پارلاق مەدەنىيەتنى نەقىشلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرەتتىم.

1980-يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىدە پەتتارجان مۇھەممىدى، ئەرشىدىن تاتلىق، مەريەم قاتارلىق كىشىلەر ئىشلىگەن. بۇلار ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا جاپالىق ئىشلەيتتى. خىزمەت شارائىتىمۇ ھازىرقىدەك ئۇنچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئىلمىي يىغىن، دوكلات، ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىكى، كوررېكتورلۇقى قاتارلىقلارنىمۇ بۇلار كېچە-كۈندۈز دېمەي ئىشلەيتتى. شەخسەن مەن شۇ يىللاردا فولكلور ماتېرىياللىرىغا مەھلىيا بولۇپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ غوللۇق ئەزاسى بولۇپ ھەمكارلىشاتتىم. نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرىنى يىغىپ رەتلىگەنىدىم ۋە ئايرىم قوشاقلار توپلىمى چىقاردىم. شۇنىڭدەك قۇتادغۇبىلىك داستانىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ ماقالە يازغان. بۇ ماقالىلىرىمنى يۇقىرىدىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1984-يىلدىكى سانلىرىدا ئېلان قىلدۇق. شۇنىڭدەك پەتتارجان مۇھەممىدى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى شەرھلەپ ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىش يۈزىسىدىن «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1983-يىلى 3-سانىدا بىر ماقالە ئېلان قىلدى. ئەرشىدىن تاتلىقمۇ فولكلور بايلىقىدىن ئۇنۇملۇك ئوزۇق ئالاتتى. كەسپكە بېشى بىلەن

شۇڭغۇپ، ئەجرىدىن گۆھەر سۈزۈپ ئالاتتى. ئەرشىدىن تاتلىق 1983 ـ يىلى «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىدا: «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» قاتارلىق بەش خەلق داستانىنىڭ قول يازمىسى ھەققىدە مۇلاھىزە ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە: «باش ئەگىم ۋە تاھىر ـ زۆھرە» دېگەن ماقالىسىنىمۇ ئېلان قىلدى.

بۇ ھەققتە ژۇرنالدا تەپسىلىي توختالغان. قىسقارتىلمىسى: «باش ئەگىم دېگەن جاي تاھىر ـ زۆھرەنىڭ قەبرىسى قويۇلغان مەشھۇر يەردۇر. بۇ يەر قەدىمكى قارا شەھەر (كىنگىت) تۆزلەڭلىكى بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئارىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. بۇ جاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەشھۇر خەلق داستانى «تاھىر ـ زۆھرە» ھەققىدە چەت ئەل ئالىملىرىدىن بىرى ئۆز خاتىرىسىگە: «بۇ ۋەقە ـــ يەنى تاھىر ـ زۆھرە ۋەقەسى، قاراخانىلار دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئەسەردىكى ئەسكەر بېشى قارا باتۇر، تاھىرنىڭ رەقىبى، قاراخانىلار ئەۋلادىدىن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ۋەقە مۇشۇ دەۋرلەردە بولغان بولۇشى كېرەك» دەپ يازغان.

ماقالىنىڭ داۋامىدا يەنە: كونا تاتار تارىخچىسى، يازغۇچى ساياھەتچى، ژۇرنالىست نوشىرۋان يائۇشوفمۇ 1912 ـ يىلى بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىپ «شورا» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرىگە يازغان بىر خېتىدە: «مەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تاتارىستاننى كېزىپ يۈرگەن داڭلىق «تاھىر ـ زۆھرە» داستانىنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ ۋەتىنىنى تاپتىم. بۇ باشقا يەردە ئەمەس، مانا مۇشۇ باش ئەگىمدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ئىكەن. ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ قەبرىسى داستاننىڭ ئاخىرىدا قانداق دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇ پېتى ئەينەن تۇرۇپتۇ»، دېگەن.

بىزنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەت بايلىقىمىزنى، بولۇپمۇ فولكلور بايلىقىمىزنى يىغىش، ئۇنى ئۆگىنىش، رەتلەپ نەشر قىلىشقا چەت ئەل ئالىملىرى ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. XI X ئەسىردە رۇس، ئىنگلىز، گېرمان ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كېلىپ نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قازغان. ئازادلىقتىن كېيىنكى يىللاردىمۇ داۋاملىق كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىماقتا. يىراقنى قويۇپ 1980 ـ يىلدىن كېيىنكىلىرنى بايان قىلىپ باقايلى: 1982 ـ يىلى گېرمانىيەدىن پېشقەدەم فولكلورشۇناس يىتۇك ئالىم ۋۇن گابائىن خانىم ئۇرۇمچىگە كەلدى. مۇناسىۋەتلىك جايلارنى زىيارەت قىلدى. ئىلمىي خادىملار بىلەنمۇ مۇھاكىمىلەر ئېلىپ باردى، ھەتتا تۇرپانغا بېرىپ ئىدىقۇت، بېزەكلىكنى كۆردى، ماقالىلەر ئوقۇدى.

ياپونىيەدىنمۇ تۈركشۇناسلاردىن بىر نەچچىسى كېلىپ ئايلاپ تۇردى ۋە ياتاقتا يېتىپ ئوقۇپ تەربىيە ئالدى، «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئىلمىي يىغىنلارنى ئېچىپ مۇھاكىمىلەر ئېلىپ باردى. گابائىن، مالوف، رادلوفلارنىڭ تارىختىكى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى «مىراس» ژۇرنىلى سەھىپىسىدە تونۇشتۇردۇق. ئۇلارنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى بىز يەرلىكلەر ئۈچۈن بىر ئۈمۈرلۈك ئۆگىنىش قوللانمىسى بولالايدۇ. ئارمىن ۋامبىرى تۈركولوگىيە ئىلمىدە ئەڭ داڭلىق، خىزمەت كۆرسەتكەن پېشقەدەم ئۇستازدۇر. ئۇنىڭ ئەجدادى ئەسلىي ئورخۇن ۋادىسىدىكى ھونلاردىن ئىدى. مىلادى يىللىرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ياۋروپاغا كۆچۈپ ۋېنگىرىيەنى ۋەتەن قىلغان. نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدۇ. لۇغەت فوندىمۇ شۇنداق. ۋامبىرى 1831 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1913 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ۋامبىرى ياشلىق مەزگىللىرىدە نۇرغۇن ناخشا ـ قوشاق يىغقان. تۈركىي فولكلورغا باي، يازغان ماقالىلىرىدە فولكلور ھىدى قويۇق. ۋامبىرى ئەينى زاماندا «چاغاتاي تىلى دەرسلىكى» نامى بىلەن چوڭ لۇغەت نەشر قىلدۇرغان. ئۇ 10 مىڭ تۈركچە سۆزنى نېمىس ۋە فرانسۇزچە تەرجىمە قىلىپ ئالفاۋىت تەرتىپىدە نەشر قىلغان. ئۈچ تىللىق لۇغەت قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كىتابى ئىلمىي قىممىتىنى ھازىرمۇ يوقاتقىنى يوق، قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنماقتا. دەسلەپ 1867 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. مەزكۇر كىتابنىڭ «باقشى قىسمى»دا ئەلشىر نەۋايىنىڭ خەلق قوشاقلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر تۈركۈم غەزەللىرىمۇ نەمۇنە سۈپىتىدە بېرىلگەن.

پېشقەدەم فولكلورشۇناسلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئەسلىدە خەلق ئىچىدە بارلىققا كېلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئومۇملىشىپ مۇئەييەن بىر خىل ئۇسلۇب ھاسىل قىلغان داستانلار خەلق ئەچىدىكى تىل ماھىرلىرى، فولكلورشۇناسلارنىڭ قايتا ـ قايتا ئىشلەپ قوشۇپ ئەجىر قىلىشى بىلەن ئومۇمغا تونۇلۇپ ئېتىراپ قىلىنغان. شۇنداق، مالوف، رادلوف، گابائىن ۋە چوقان ۋەلىخانوف قاتارلىقلارنىڭ ئەينى زامانلاردا شىنجاڭدىن قېزىپ ئېلىپ كەتكەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تېكىستلىرى (تۇرپان، قومۇل، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلاردىن خەلقئارا يېزىق بىلەن ترانسكرىپسىيە

قىلىپ مەتبەئەدە ئالاھىدە نەشر قىلىنغان) كىتاب شەكلىدە بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ كىتابلاردا ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى، چۆچەك، رىۋايەتلەر، ھېكمەتلىك تېپىشماقلار خاتىرىلەنگەن ھەم ئۇلارنىڭ تەرجىمىلىرىمۇ بېرىلگەن. كۆپنى كۆرگەن، ياشانغان بۇ پېشقەدەم فولكلورشۇناسلارنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش، رەتلەپ نەشر قىلىشتا ئەسلىسىگە سادىق بولۇش جەھەتلىرىدە بىزگە ئۈلگە، ئۇستاز بولۇپ كەلمەكتە. ئىلىم ـ سەنئەت دۇنياسىدا ياشانغان ئالىملارنى، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرىدۇر دەيدۇ، ھەقىقەتەن شۇنداق.

ئەرشىدىن تاتلىق ئەسلى بىر تالانتلىق ئەدىب، بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئەجىر قىلغان. ئۇ كەسپى يازغۇچى بولسىمۇ، ئەمەلدە قىلىۋاتقىنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىشى «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنى كۈچلەندۈرۈشتىن ئىبارەت، ئۇ 1980 ـ يىلى تۆۋەنگە چۈشۈپ، خەلق قوشاقچىلىرى، لەتىپىچى، داستانچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئاغىنە بولۇپ نۇرغۇن فولكلور خاتىرىلىگەن. يۇقىرىدا ئۇ ئېلان قىلغان داستانلاردىن ئىككىسىنى تونۇشتۇردۇق. تۆۋەندە ئۇ تەتقىق قىلغان داستانلاردىن بىر نەچچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

«يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانى، ئەرشىدىن بۇ داستاننى 1984 ـ يىلى «مىراس»ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا تەپسىلي ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرغان. 1986 ـ يىلى بۇ داستاننى باشقا ئون نەچچە داستانلار بىلەن بىللە يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇردى. تۆۋەندە قىسقارتىپ كۆرسىتىلدى. «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» بۇ داستان ۋەقەلىكى مىلادىدىن 1700 ـ يىللار ئىلگىرىكى مىسىرنىڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا داستاننىڭ كىرىش قىسمىدا ئېيتىلغاندەك تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر بار. 1. بۇ داستان ئاساسەن يۈسۈپنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلىدۇ. 2. بۇ داستان يۈسۈپ ھەققىدىكى باشقا خەلق داستانلىرىدىن ھەم قىسسەلەردىن تولۇقراق ۋە بەدىئىيلىكىمۇ يۇقىرىراق. 3. باشقا داستانلاردا يات كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ۋەقەلەر، مۇھەببەتلەر سۈرەتلەنسە بۇ داستاندا ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكا ھەم يۈسۈپ بىلەن زىلەيخانىڭ ساپ مۇھەببىتىمۇ سۆزلىنىدۇ. 4. شۇڭا بۇ ئەسەر چىرايلىقلار داستانى دەپ ئاتالغان.

### يېزىلىش ئۇسلۇبى نەزمي ۋە نەسرى

شىنجاڭدا ئۇزاقتىن ساقلىنىپ كەلگەن خەلق داستانلىرىدىن يەنە بىرى: «ئەمىر گۆر ئوغلى» (گۆر ئوغلى سۇلتان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چوڭ ھەجىمدىكى يىرىك ئەسەر. خەلق ئىچىدە كۆپ ئوقۇلغان. بۇ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ قەھرىمانلىق پائالىيىتىنى ئاساس قىلغان. بۇ داستاننىڭ تارقىلىش دائىرىسى شىنجاڭدىن باشقا، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، تۈركمەن، تۈرك، تاجىك، قاراقالپاق، تاتار، ئەرمەن ھەم بىسارابىيە مولداۋىيەگىمۇ مەشھۇردۇر.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توغرىسىدا مەتبۇئاتلاردا خېلى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقاتلار بولۇپ كەلدى ۋە ئايرىم كىتابلارمۇ نەشر قىلىندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇكېرىم راخمان 1980 ـ يىللاردا داستان ۋە مەشرەپلەر توغرىسىدا ئايرىم كىتاب نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە مەشرەپلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئابدۇكېرىم راخمان شۇ كىتابىنىڭ: «داستان تەتقىقاتىدىكى بىر قانچە ھالقا» دېگەن تېمىسىدا ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ داستانلار ھەققىدىكى ماقالىسىدا توختىلىدۇ. ئۇنىڭ «گۆر ئوغلى» داستانى ھەققىدىكى ماقالىسىگە باھا بېرىدۇ. ئابدۇكېرىم راخمان مۇنداق دەيدۇ: «گۆر ئوغلى» داستانىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان نۇسخىلىرىدا (جۈملىدىن «مىراس»ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئەرشىدىن تاتلىق تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «ئەمىر گۆر ئوغلى» ناملىق نۇسخىدا) گۆر ئوغلىنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرىدىن بىرى بولغان قاراخان بىلەن باغلايدۇ. ئۇنداق بولغاندا: «گۆر ئوغلى» تۈركۈمدىكى داستانلارنىڭ تارىخي دەۋرى تۆتبەش ئەسىر ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇڭا مۇنداق ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ يېتەرلىك تارىخي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ چىققاندىلا ئاندىن ئۇ ئىلمي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن قارىغاندا داستانلار ئۈستىدە تارىخي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە سالماقلىق بىلەن ئەتراپلىق ئىزدىنىش ناھايىتى مۇھىمدۇر» (ئابدۇكېرىم راخمان: «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، 1989 ـ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 85 ـ بەت).

ئۇيغۇر فولكلورى ئۈستىدە «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نۇرغۇن ئىش قىلدى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشقا شىنجاڭدىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، موڭغۇل قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى، قوشاق، داستان، رىۋايەتلەر ھەققىدىمۇ ئىلمي مۇھاكىمىلەر ئېلىپ باردى. 1983 ـ يىلى: «ماناس» ئېپوسى توغرىسىدا،

ليۇفاجۇن مەخسۇس ئۇزۇن تەتقىقات ماقالە ئېلان قىلدى. كىتابخانلار ئارىسىدا قىرغىز مەدەنىيىتىگە بولغان كۆز قاراشلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا چوڭ تەسىرى بولدى. يەنە شۇ يىلى موڭغۇللارنىڭ جاڭغىر داستانى ھەققىدە: «توبادىمانىڭ ماقالىسىمۇ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.

1985-يىلى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2-سانىدا، شېرىن قۇربانىنىڭ «تاجىك خەلق رىۋايەتلىرى توغرىسىدا» ناملىق مۇھاكىمىسى ئېلان قىلىندى. يەنە شۇ يىلى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1-سانىدا تاتار خەلقىنىڭ ئىككى داستانى (تاشچى ھەم ئۆچكە بىلەن قوي ھەققىدە ھېكايە) غەرىپۇللا نامىدا ئېلان قىلىندى. مەشرەپ ۋە چۆچەكلەر ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەرگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار قىلىنىپ كەلدى. ئىلى ۋە قومۇل مەشرەپلىرى ھەققىدە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچە 1985-يىللىق 2-سانىدا ئابلا ئەھمىدى ئىمزاسى بىلەن ۋە يەنە شۇ ژۇرنالدا ئۆزبېك خەلق چۆچىكى «بەھرام ۋە شىرزات» ئابدۇلھەي ئابدۇلھەق ئىمزاسىدا ئېلان قىلىندى. 1980-يىللاردىن 1990-يىللار داۋامىدىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا كۆپ ئېتىبار بېرىلدى. شىۋە خەلق ماقال-تەمسىللىرى گۆھەن چىڭفۇ ئىمزاسىدا ئېلان قىلىندى. لوپنۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى شېرىپ مۇسا ئىمزاسىدا ئېلان قىلىندى. يەنە نۇرغۇن بېيىت-قوشاق، تېپىشماقلارمۇ ئېلان قىلىنىپ، خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە تېگىشلىك ئورۇن بېرىلدى.

«مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيەتنى سوتسىيالىزمغا خىزمەت قىلدۇرۇشتا كۈچ سەرپ قىلىپ كەلدى. باشقا تەرەپلىرىنى دېمەيلى، قوشاقلار بىلەن قەدىمىي داستانلارنى تونۇشتۇرۇپ مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، ئېتىقادى ۋە ئەمەلىي تۇرمۇش مەزمۇنى، پىسخىكىسى ۋە ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ خەلقنى مول بىلىم بىلەن قوراللاندۇردى. قوشاق ۋە داستانلار ھەققىدە يېزىلغان ئوبزور، ماقالىلەر كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ تەپەككۇرىمىزنى جانلاندۇردى. پىكىر، غايىمىزنى نۇرلاندۇردى. «مىراس» ژۇرنىلى ئارقىلىق ئۆتمۈش تارىخىمىزنى ئېنىق بىلدۇق، كەلگۈسى غايىمىزنى تىكلىدۇق.

داستانلاردا قەدىمكى تۇرمۇش، باتۇرلۇق ۋە گۈزەل غايە مۇئەييەن شەكىل بىلەن چۈشىنەرلىك قىلىپ مۇئەييەن ئۇسلۇبتا ئىپادىلەنگەن، بۇلاردىن بىزنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە گۈزەل ئەدەبىيات مۇخلىسلىرى، مەدەنىيەت مايىسلىرىنى يېتىشتۈرگۈچى دانىشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسەتمەي داستانلار بىلەن ئىز قالدۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ يىللىق توملىرىدىن مەن تارىخىي رىۋايەت، داستانلاردىن ئون نەچچىسىنى ئوقۇدۇم. بۇ توغرىسىدا «ئوغۇزنامە» داستانىنى ئۆگىنىپ قالدۇرغان خاتىرەمدىن مىسال قىلاي.

ئوغۇزنامە قەدىمىي تارىخىي داستان ئىسلامىيەتتىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ 10-ئەسىردە يېزىقتا ئېلىنغان نۇسخىلىرى قولىمىزدا. ئۇنىڭ يەتتە نۇسخىسى بار، يېزىقتا ئېلىنىشىمۇ بىر خىل ئەمەس. داستانىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ساقلانغان نۇسخىسى 1980-يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىندى. داستانىنىڭ ئىسلىقى ئوغۇزنىڭ ئۇيغۇر جامائىتىگە يولباشچى بولۇپ، ئۆزىنى ئۇيغۇر قوۋمىگە خاقان ئىكەنلىكىنى جاكارلىشىدۇر. ئۇنىڭدا ۋەقەلەر قويۇق ئۇيۇشقاقلىق روھىغا ئىگە. تىلى ئۇيغۇرچە ئۇيغۇر پىسخىكىسىنى ئىپادىلىگەن. ئاتالغۇلاردىن قارىغاندا ئەينى زامانلاردا ئۇيغۇر خانلىقى چەت ئەللەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. داستانىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ، مەزمۇن سىغىمچانلىقىمۇ كىشىنى جەلپ قىلىدۇ، ئىستىلىستىك ۋاستىلەر ئەسەرگە ئۆزگىچە رەڭ بەرگەن بولۇپ، مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك دەپ ئويلايمەن.

«مىراس» ژۇرنىلى سەھىپىسىدە چۆچەك، رىۋايەتلەر، قەدىمكى خەلقلەر، ئەجدادلاردىن قالغان ئەقلىيە سۆزلىرىمۇ يېتەرلىك تونۇشتۇرۇلدى. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىل 1-سانىدا «ئىدىقۇت ماقال-تەمسىللىرى» ئىسمائىل تۆمۈرنىڭ تەييارلىشىدا ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەردە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن بولۇپ، كىشىنى ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە قىلىدۇ. يەنە تىلنىڭ ئۇزاق ۋاقىت جەريانىدا سىلىقلىشىپ، گىراماتىكا جەھەتتىكى قائىدىلىرى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. قەدىمكىلەر بىلەن ھازىرقىلارنى بىر-بىرىگە ئۇلايدۇ. يەنە، شۇ ژۇرنالدا قىرغىزلارنىڭ جاھانغا داڭلىق ئېپوسى «ماناس» داستانىنىڭ «ماناسنىڭ تويى» بۆلۈمىنى ئابلىمىت سادىق ئىمزاسىدا ئۇيغۇرچە تونۇشتۇردى. بۇ داستان مەملىكىتىمىزدىكى قىرغىزلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ نەقەدەر ئۇزاقلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنىڭ، توي، مەشرەپلىرىنىڭ قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرىدۇ، داستان ناھايىتى نەپىس، گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

«مىراس» ژۇرنىلى بىر نەچچە ئون يىللار داۋامىدا ئىشچان مۇھەررىرلىرىنىڭ پەرۋىشى بىلەن بارغانسېرى ياخشىلاندى. ماقالىلىرى چوڭقۇرلىشىپ، تەھلىل قىلىشىمۇ،

قايىل قىلىش كۈچمۇ ۋايىغا يەتتى. ئاددىي لەتىپىلەردىن، كۈلكىلىك ۋە مەزمۇنلۇق يۇمۇرلارغا تەرەققىي قىلدى. 41 يالغان، خەلق ئىچىدىكى لاپ، رىۋايەتلەر كىتابخانلارنىڭ زوقىنى قاندۇردى.

ژۇرنالدا توي-تۆكۈن بېيىتلىرى، قارلىق تاشلاش، نورۇزلۇق قوشاقلىرى، ئېرسالنامە، مەشرەپلەردىكى قىز بىلەن يىگىتلەرنىڭ سوئال-جاۋابلىق بېيىتلىرى تونۇشتۇرۇلدى. بۇ خىل ئېپىزوتلار بېسىلغان بېيىت-قوشاقلار خەلق ئىچىدە قىزغىن قارشى ئېلىندى. نەشرىياتلار «مىراس» ژۇرنىلى سەھىپىسىدىكى يۇقىرىقىدەك ئەسەرلەرنى ئايرىم-ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىپ تارقاتتى.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنى مەركەز قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىشخانىسى كەسپىي خىزمەتتە، سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيەدە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئالىي مۇھەررىرلەرگە ئايلاندى. قىسقىسى بىر گۇرۇپپا پىشقان مۇتەخەسسىسلەر بارلىققا كەلدى. قوشۇن شەكىللەندى.

«مىراس» ژۇرنىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فولكلور بايلىقىنى قازدى ۋە قازماقتا، ماھىيەتتە بۇ ژۇرنال شىنجاڭنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلماقتا. ئۆتمۈش تارىختا، چەت ئەل ئالىملىرى شىنجاڭدىن قېزىپ ئېلىپ كېتىپ، ئۆز يۇرتلىرىدا نەشر قىلغان ئېتنوگرافىيەگە دائىر ۋە داستان، رىۋايەت، قوشاق توپلاملىرى ئېلىمىز كىتابخانلىرىغا قويۇلغاندى. «مىراس» ژۇرنىلى مانا شۇ ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇردى، ئوبزورلار يازدى. مىسال، رۇس ئالىمى كاتانوف ئىشلىگەن «كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى» ① ناملىق ئەسەر «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىللىق 1-، 2-، 3-، 4- ھەم 6-سانلىرىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى. بۇ كىتاب ئابلىز ئورخۇن تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. يەنە تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى تارىخقا ئائىت رىۋايەت، داستانلارنىڭ يېشىمى » ② يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ تەھلىلى بىلەن «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

«مىراس» ژۇرنىلىدا مۇشۇ 30 يىل جەريانىدا بىر نەچچە مىڭ پارچە ئىلمىي ماقالە، چۆچەك، داستان تونۇشتۇرۇش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىلىك ماقالىلەر، تارىخ، مىللەت ئېتنوگرافىيەگە دائىر تېبابەت، ئەدەبىيات ۋە ئارخېئولوگىيەگە دائىر تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى بېسىلدى. ئىلىم ساھەسىنىڭ مۇھىم تارماقلىرىغا مەزمۇن قوشىدىغان پاكىتلار، يېڭى كۆز قاراش، داۋلالار ئېلان قىلىندى. «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىر يۈرۈش ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرىنى نەشر قىلىپ، كىتابخانلىرىغا تەقدىم قىلدى. قىسقىسى بىر تۈركۈم ئەدەبىياتشۇناسلارنى، ئالىي دەرىجىلىك مۇھەررىر ۋە فولكلورشۇناسلارنى تەربىيەلىدى. پىشقان ئوبزورچىلارنى يېتىشتۈردى. «مىراس» ژۇرنىلى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ھۆسن قوشتى، ئۇرۇق چاچتى، يېڭى ئىز باسارلارنى يېتىشتۈردى.

---

ئىزاھلار:

① كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى.

بۇ 19-ئەسىردە رۇس ئالىملىرىدىن كاتانوف ئىشلىگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، ھايات سەرگۈزەشتىلىرىگە دائىر كىتاب. ئالىم ئەينى يىللاردا تۈركىي تىللارنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆزى ساياھەت قىلىپ شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇيغۇر ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرگە كىرىپ كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ ئەل ئىچىدىكى فولكلور ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلىگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، ئېتىقاد جەھەتتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى (مىسال جامائەتنىڭ ئىسلام قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ كوللېكتىپ ناماز ئوقۇش مۇراسىملىرى...) كونكرېت خاتىرىگە ئېلىندى. تىل، تارىخ — قىسقىسى ئېتنوگرافىيە مەسىلىلىرىنى بىلىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال.

② «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى تارىخقا ئائىت رىۋايەت، داستانلارنىڭ يېشىمى، بۇ بىر ئىلمىي ئوبزور ئىلمىي قىممىتى بار. مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق يازغان ئەسەر. مۇھىمى دىۋاندىكى مۇھىم پېرسوناژ ئالىپ ئەرتۇڭا، ئىسكەندەر ۋە ئۇيغۇر دېگەندەك ئاتالغۇلارغا چېتىشلىق مەزمۇنلارنى بايان قىلىدۇ. مىسال: ئالىپ ئەرتۇڭا قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر تارىخىدا خاقان بولغان گىگانت ئىدى. ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىردە تۇران مەملىكىتىگە پادىشاھ بولغان. كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان، دىۋان سەھىپىسىدە بۇ ھەقتە داستانلاردىن پارچە مەرسىيەلەر بار. پارسلار ئافراسىياپ دېگەن نامدا تەرىپلىگەن.

ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ) فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا مۇھىم پېرسوناژ بولۇپ كۆپ جايدا تەسۋىرلەنگەن.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين، بۇ تارىختىكى مەشھۇر قەھرىمان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-، 4-ئەسىردە ياشىغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بۇ كىشىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئىزاھلايدۇ. ئۇيغۇر نامى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرگە تەۋە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھاياتتىكى قەھرىمانلىقلىرى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر — بۇ بىر ئەلنىڭ نامى، بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرلەر مىلادىيىدىن ئىلگىرى بىنا قىلىنغان.

(مىراس ژۇرنىلىدا بۇ ئوبزور بىر نەچچە ساندا ئېلان قىلىندى. بىز كىتابخانلار بۇ ماقالىدىن ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر بىلىمگە ئېرىشىمىز. ئەسلى بۇ ئىزاھلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تونۇشتۇرۇشتىلا بايان قىلىنسا ياخشى بولاتتى. ماقالە ئۇزىراپ كەتمىسۇن دەپ قىسقا يېزىلغان، لېكىن كىتابخان بىر مۇھىم مەزمۇنغا ئىگە بولۇشى لازىمغۇ دەپ قوشۇمچە قىلىندى.

— ئاپتوردىن

# يەكەندىكى مۇقەددەس جايلار



**ساگۇچى تورو** ( ياپونىيە )

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى يەكەننىڭ ئىسلام دىنىغا ئائىت مۇنداق خاتىرىلەر بار: «يەكەندىكى مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) شەھىرىدە تەخمىنەن 60 ئورۇندا مەسچىت بار، بىراق كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، قۇرۇلۇشى كۆركەملىرىدىن ئۈچىلا بار. يەنى ئالتۇن مەسچىت ۋە ئۇنىڭغا تەۋە خانىلىق مەدرىس، مۇھەممەدخان مەسچىتى ۋە جامە مەسچىتتىن ئىبارەت، ئالدىنقى ئىككىسى بىر قەدەر بۇرۇن سېلىنغان، جامە مەسچىتى ياقۇپبەگ دەۋرىدە سېلىنغان» (پېۋستوۋنىڭ 1949 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 67 ـ بېتى). بۇلار 1980 ـ يىلىدىكى ئەھۋال. 1917 ـ يىلى يەكەننى زىيارەت قىلغان شېيبىن ئۇيغۇرلار شەھرىدە ئىسلام مۇقەددەس جايلىرىغا ئوخشايدىغان جايلارنى كۆرگەن، ئۇ مۇنداق دېگەن: «شەرقىي قوۋۇق ۋە ئۇيغۇرلار شەھرى ئەتراپىنى زىيارەت قىلدىم... شەرقىي قوۋۇقتا خەنزۇ سودىگەرلەر كۆپ ئىكەن... ئۇيغۇرلار شەھرىدە دۇكانلار كۆپ ئىكەن... ئۇيغۇرلار شەھرىگە بارغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئالتۇن مازار ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ (قەبرە ئىچىگە كىرىپ كۆزىتىپ، سۆڭەكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى دېگەن) كۆلىمى چوڭ، قۇرۇلۇشى ھەيۋەت چوڭ مەسچىت بار» (شېيبىننىڭ 1923 ـ يىلى يازغان «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 226 ـ بېتى). بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئالتۇن مازار ۋەلىخانوف تىلغا ئالغان ئالتۇن مازار بولۇشى مۇمكىن (ۋەلىخانوف، II ، 1962 ـ يىل، 295 ـ بەت)، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ مەسچىتمۇ ئالتۇن مەسچىتكە ئوخشايدۇ.

ۋەلىخانوفنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، يەكەن ئەتراپىدا خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ مازىرى، مەسچىت

ۋە ئۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت بار، ئۇنىڭدىن باشقا سكرايىن دېگەن كىشىمۇ يەكەندە ھەزرىتى پىر مەسچىتىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان.

گۇننار ياررىڭنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، يەكەندە سۇتپاشىم دەپ بىر مازار بولۇپ، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن، كاۋات تاغ ئۈستىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر يەكشەنبە كۈنى نۇرغۇن قىز-ئاياللار مازارغا بېرىپ: «غوجام ماڭا بىر ئائىلىگە باش بولالايدىغان ئەر ئاتا قىلغايلا» دەپ دۇئا قىلىشىدۇ.

يەكەننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاغىلىق رايونىدا ستەيىن يىتىملۇقۇم مازىرىنى زىيارەت قىلغان ھەم رەسىمگە تارتقان. بۇ قەبرىستانلىق ھويلا ۋە ئېتىكاپخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قاغىلىقتىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتا گوجاڭ ناملىق مەسچىتنىڭ مەدرىسىنى كۆزەتكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ يەردە 150 نەپەر تالىپ بار ئىكەن.

قاغىلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى گۇما ئەتراپىدا، قارا كۆل ئاتلىق مازار بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئېنىق ئەمەس. ئۇ يەردە خادىلار بار بولۇپ، ئۇنىڭغا قوتازنىڭ قۇيرۇقى، رەخت پارچىلىرى ۋە باشقا بۇيۇملار چىگىلگەنلىكتىن قاراپ بۇ يەرنى مازار دەپ بىلگەن. بۇ مازار گۇما بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئۈچ ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى جايغا جايلاشقان بولۇپ، يېرىم يۇمىلاق شەكىللىك ئېدىر ئۈستىگە ئاددىيغىنە مەسچىت سېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مازارنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆلنىڭ نامىدىن كەلگەنىكەن. بۇ مازار توغرىسىدا باشقا ماتېرىياللارمۇ بار. يەنى گۇننار ياررىڭ: «گۇمىدىن بىر ئىستىھكام ئارىلىق يىراقلىقتىكى قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا قارا كۆل دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆل بار، ئۇ يەردە قارا كۆل دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكى تەرىپىدىكى ئېدىر ئۈستىگە خادا تىكلەنگەن، ئەتراپىدا تېرەك ۋە سۆگەتلەر بار... قارا كۆلدە ئىككى مازار بولۇپ، ئىچىدىكى بىرىنىڭ شەيخىنىڭ ئىسمى شاھ رۇزىخان، يەنە بىر مازارنىڭ شەيخىنىڭ ئىسمى زاھىر ئالدىن شەيخ. ئادەتتە بەزى ئادەملەر بۇ يەرگە كېلىپ دۇئا قىلىشىدۇ. باھار كەلگەندە ھەر يەكشەنبە كۈنى 200-300 دەك ئادەم گۇما بازىرىدىن ئاشۇ يەرگە بارىدۇ. مىلىچمال، گازىر، سۇ، قوغۇن، نان ساتىدىغان كىشىلەرمۇ ئاشۇ يەرگە بېرىپ سودا قىلىدۇ. بۇ كىشىلەر بىر تەرەپتىن ماڭغاچ، بىر تەرەپتىن ‹بىز قارا كۆل مازىرىغا بارايلى!› دەپ ۋارقىرىشىدۇ. ئۇلار مازارغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئوينىغىلى بارىدۇ، قاراكۆل مانا مۇشۇنداق بىر گۆھەر زېمىن». گۇما ئەتراپىدىكى قاراكۆل مازار گۇمىلىقلارنىڭ باھاردا يەكشەنبە كۈنلىرى سودا ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سورۇنى، قارىغاندا مازار يەنە مال ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش رولىغا ئىگە ئىكەن.

ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى ۋاتانابى تېشىنمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ خاتىرە قالدۇرغان: «يەكەن بىلەن خوتەن ئوتتۇرىسىدا، قارا تاغ كەنتىدىن ئۆتكەندە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى بار». بۇ ئابزاس خاتىرە گەرچە ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، بىراق قارا تاغ ستەيىن خاتىرىلىگەن قارا تاغ ئاغزى بىلەن ئوخشايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، ئۇنداقتا بۇ مازار گۇما بازىرىنىڭ



شىمالىدىكى قاراكۆل مازىرىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بول-
دۇ، بىراق سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەھۋالى تېخى
ئېنىق ئەمەس.

قاغىلىقتىن گۇمىغىچە يەنە گۇمىنىڭ شەرقىي شىمال-
دىكى پىيالما بوستانلىقىدىن خوتەن بوستانلىقىغىچە غەربىي
قىسمىدا ئاق لەنگەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر قونالغۇ بولۇپ،
ئۇنىڭ ئالدى تەرەپتىكى قۇملۇقتا بىر قۇم رابات پاشايىم
بار. بۇ مازار كەپتەرلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ كەتكەنلى-
كى ئۈچۈن كەپتەر مازار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كەپتەرلەر سا-
ياھەتچى سودىگەرلەر ياكى خوتەن دېھقانلىرىنىڭ سەدىقى-
سى بىلەن بېقىلىدۇ. بۇ مازارغا ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە
قاراپ كېلىۋاتقان يەتتە شەيخ بولۇپ، ئىچىدىكى بىر
شەيخنىڭ ئوغلى ستەيىنگە بۇ مازارنىڭ كېلىپ چىقىشى
توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن. ئىلگىرى خوتەن بۇددىستلى-
رى بىلەن ئۇرۇش بولغاندا ئىمام، شاكىر، پاشالار شېھىت
بولغان. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مۆجىزە يۈز بېرىپ ئۇنىڭ
كۆكرىكىدىن بىر جۈپ كەپتەر ئۇچۇپ چىققان، ھازىرقى
كەپتەرلەر مۇشۇ كەپتەرنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ رىۋايەت قى-
لىنىدۇ. يەنە بەزى ھېكايىلەردە، بۇ كەپتەرلەر جەڭدە
شېھىت بولغانلارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ جەستى-
نى ساقلاشتا تۆھپە كۆرسەتكەن دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قا-
رىغاندا بۇ رىۋايەتلەرمۇ «شېھىت بولغانلار رىۋايىتى»گە
كىرگۈزۈلگەن. بۇ «كەپتەر مازار» ئىسلامنىڭ مۇقەددەس
جايى، بىراق پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ مازار ئىلگىرى-
كى بۇددىستلارنىڭ بۇتخانىسىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە سې-
لىنغانىكەن.

كەپتەر مازار توغرىسىدىكى ماتېرىيال ئىنتايىن مول-
مەسلەن، 1880 ـ، 1890 ـ يىللىرى بۇ مازار ۋە ئۇنىڭ يې-
نىدىكى كىچىك مەسچىتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:
«بۇ يەردە تەخمىنەن 10 مىڭ دانە كەپتەر بېقىلىدۇ، ئېي-
تىشلارغا قارىغاندا بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەر بىر سودىگەر-
نىڭ كەپتەرلەر ئۈچۈن دان ئالغاچ كېلىش مەجبۇرىيىتى
بار بولۇپ، ئەگەر دان ئەكەلمىگەن بولسا، پۇل تاپشۇرى-
دىكەن». كەپتەر مازار توغرىسىدىكى مەلۇمات ستەيىن
خوتەننى تەكشۈرۈپ بىرقانچە يىلدىن كېيىن، يەنى 1906 ـ
يىلى تېخىمۇ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. خوتەنگە ساياھەتكە
كەلگەن كارل گوستاف مانىېرھىم خوتەننىڭ شىمالىدىكى
پىيالماغىچە بارغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە توپ-
توپ ئۆي كەپتەرلىرنى ئۇچراتتىم، يول ياقىسىدا ئىمام
شاكىرنىڭ مازىرى بار بولۇپ، مازاردا قوتازنىڭ قۇيرۇ-
قى، باش سۆڭىكى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئېسىل-
غان نۇرغۇن خادىلار بار ئىكەن. يېقىن بېرىپ قارىسام،
ئۇ كەپتەر بېقىلىدىغان چوڭ بىر كەپتەرخانا ئىكەن. ئادەت-
تە بۇ يەردىن ئۆتكەنلىكى كىشلەرنىڭ ھەممىسى كەپتەر-
لەرگە ئازراق دان ئالغاچ كېلىدىكەن، كەپتەرلەرمۇ يىراق-
لارغا ئۇچۇپ بېرىپ مېھمانلارنى قارشى ئالىدىكەن. رىۋا-
يەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ كەپتەرلەرنىڭ ئەجدادى
خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا شېھىت
بولغان ئىمام شاكىر پاشانىڭ كۆكرىكىدىن ئۇچۇپ چىققا-
نىكەن. ئاشۇ قېتىملىق ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك
بولغان بولۇپ، ئىككىلا تەرەپ ناھايىتى زور تالاپەتكە
ئۇچرىغان. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ئارىسىدىن
شېھىت بولغانلارنىڭ جەستىنى تېپىش ناھايىتى تەس
ئىدى، بىراق دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىر خىل سىرلىق كۈچ
بۇنى ئايرىغان، يەنى بۇ ئادەمنىڭ كۆكرىكىدىن بىر جۈپ
كەپتەر ئۇچۇپ چىقىپ، بۇنىڭ شېھىت كەتكۈچىنىڭ جەس-
تى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، مۇشۇ ئىشنى خاتىرى-
لەش ئۈچۈن يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزلۈكىدىن پۇل چىقىرىپ،
بۇ كەپتەرخانىنى ياساتقان».

گەرچە بۇ ئابزاستا ستەيىن خاتىرىلىگەن قىسىملار
تەپسىلىي دېيىلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدىن شۇنى كۆ-
رۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «كەپتەر مازار» يەنە ئىمام شاكىر
مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مازار خوتەن ئىسلام شېھىتلى-
رىنى خاتىرىلەيدىغان ئۇلۇغلار قەبرىستانلىقى. كەپتەر مۆ-
جىزىسى باش تېما قىلىنغان رىۋايەتلەر خوتەن خەلقى ئارى-
سىغا كەڭ تارقالغان. سىكرايىن ۋە سېۋىن ھېدىنمۇ بۇ
ھەقتە خاتىرە قالدۇرغان، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى، قەشقەردىن يەكەنگىچە بولغان جايلاردا نۇر-
غۇنلىغان ئىسلام شېھىتلىرىنىڭ مازىرى بار، بۇ مازارلار
ئاللىبۇرۇن كەسپىي دىندارلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ چو-
قۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان.

بۇ ماقالە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشر قىلغان ساگۇچى تورونىڭ «شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى.

(تەرجىمانلار: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ 2011 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى گۈلباھار مۇھەممەد)

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمى-نىڭ ئوقۇتقۇچىسى: ئىمىن تاجى تۇرگۇن)

# قەدىمكى تارىمنىڭ بورىچىلىقى



**مەتسەئىدى مەتقاسىم**

بورا — قەدىمكى تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇن ئىختىرا قىلىنغان ئەنئەنىۋى مىراسلارنىڭ بىرى. ئۇ چىدامىلىقى، ئېلاستىكىلىقى، مۇھىت ئاسراشچانلىقى، زىيانسىزلىقى، ئىشلىتىشچانلىقى ۋە گۈزەللىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن نەچچە ئەسىردىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. مىلادى 4 - ئەسىردىن ئىلگىرى قاراقۇرۇم، پامىر، تەڭرىتاغ، ئالتۇنتاغنىڭ قار - مۇزلىرىدىن شەكىللەنگەن 36 تارماق دەريا - ئېقىن ۋە نۇرغۇن بۇلاق سۇلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى تۇتاش كەتكەن كەڭرى بوستانلىقنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ تارماق دەريا - ئېقىن بويىدىكى كۆل ۋە سازلىقلاردا ھەددى - ھېسابسىز قومۇش بايلىقى شەكىللەنگەن. تارىم، كۆنچى، چەرچەن ۋە مىرەن دەريالىرى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلۇپ، لوپنۇر كۆلىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ قومۇشلۇق كۆلنى بەرپا قىلغان. قىسقىسى، قەدىمدىن بۇيان تارىمدىكى غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە قومۇشنىڭ مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولغان. ئەجدادلىرىمىز مانا بۇ قومۇش بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن بورا توقۇپ يەرگە سېلىنجا قىلغان ھەم ئۆي - ئىمارەتلەرگە ئىشلەتكەن. مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەدىمكى تارىم ئاھالىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان مۇقىم ئولتۇراقلىشىش باسقۇچىغا ئۆتۈپ، ئىلگىرىكى غار، ئۆڭكۈر، كېمىر ۋە چېدىرلاردىن خوشلىشىپ، ئاددىي توپا تام، تاش تام، كېسەك تام، ساتما ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردە ئولتۇراقلاشقان. كېيىن تەدرىجىي ھالدا تۈركىي مىللەتلىرى ئىچىدە ئەڭ بالدۇر يۇمىلاققۇم، كروران، غا ئوخشاش شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىشنىڭ رويابقا چىقىشى بورىچىلىقنىڭ ئىختىرا بولۇشىغا شارائىت ھازىرلىغان. پېشقەدەملەردىن قالغان ئەل ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردىن قارىغاندا تارىمدا ئىلگىرى 400 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك شەھەر ۋە يۇرت - مەھەللە بار ئىكەن. ئەنگلىيەلىك پېتىر خوپكىرىك «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» ناملىق كىتابىدا، تەكلىماكاندىكى قۇم يۇتۇپ كەتكەن شەھەرلەرنىڭ

300 دىن ئاشىدىغانلىقىنى يازغان. كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان يېرى شۇكى، مانا مۇشۇ ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسىگە بورا ئىشلىتىلگەن. ئېلىمىز ۋە چەت ئەلنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا 100 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىدە بورا كۆپلەپ تېپىلغان. مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۇملاققۇم قەدىمىي شەھىرى، قارادۆڭ قەدىمىي شەھىرى، نىيە قەدىمىي شەھىرى، دەندەن ئۆيلۈك، كونا دامكۇ، راۋاق، ئاق سىپىل، ئەندىر، مازارتاغ، زاغۇنلۇق قاتارلىق خارابىلەردە ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا ھەر خىل نۇسخىدا توقۇلغان قەدىمكى بورىلارنى كۆپلەپ ئۇچراتتىم. بۇنىڭ ئىچىدە زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىكى قوشۇپ دەپنە قىلىنغان چوڭ گۆردىكى جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان يۇلغۇندىن توقۇلغان چوڭ چىۋىقلىق بورا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدۇ. بورا يۇقىرىقى خارابىلىكلەردىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە ئىشلىتىلگەندىن سىرت، يەنە سۇپىلارنىڭ ئاستىغا سېلىنىپ ئۈستىگە كىگىز ياكى جاۋا گىلەم قويۇلغان.

بورا توقۇش لوپلۇقلار، كېرىيەلىكلەر، دولانلار ئارىسىدا قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى كەسىپ بولۇپ، ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قەدىمدىن بۇيان «شەينا قىشتا» دېگەن كىشى ئۇيغۇر بورىچىلىقىنىڭ پىر ـ ئۇستازى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شۆۋول يېزىسىدىكى 2000 نەپەردىن ئارتۇق بورىچى ئارىسىدا بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت بار.

بۇرۇنقى زاماندا تارىم ۋادىسىدا «شەينا قىشتا» دېگەن داڭلىق بىر توقۇمچى كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆزى ئويلاپ يەتكەن ھەرقانداق نەرسىنى ھىدىرىغا يەتكۈزۈپ توقۇپ چىقالايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ تۆت ئەتراپتىكى قومۇشلارنىڭ كۆپلۈكىنى، بىراق ئىشلىتىلمەي ئىسراپ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بورا توقۇش نىيىتىگە كېلىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سىۋەت توقۇش ماھارىتىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ئاخىر بىر پارچە بورا توقۇپ چىقىپتۇ. ئۇ تۇنجى توقۇغان بورىنى گەمە ئۆينىڭ ئۈستىگە، ئىككىنچى قېتىم توقۇغان بورىنى سۇكە (سۇپا)غا سېلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەھلى جامائەت ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۇنى «شەينا قىشتا پىرىم» دەپ ئاتىشىپتۇ. ئۇ توقۇغان بورىلارنىڭ داڭقى ھەر تەرەپكە تارىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ شەينا قىشتا دېگەن بۇ ئۇستا توقۇمچى بورىچىلىقنىڭ پىرىگە ئايلىنىپتۇ. شەينا قىشتا پىرىم شۆۋولدىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنىڭ ھەممىسىگە بورا توقۇشنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇلار بۇ بورىلارنى ئۆي ـ ۋاقىلىرىغا ئىشلىتىپتۇ. ئېشىنغانلىرىنى يۇرتمۇ يۇرت ئاپىرىپ سېتىپتۇ ۋە باشقا يۇرتلاردىمۇ بورا توقۇشنى ئومۇملاشتۇرۇپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بورىچىلىق ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىپتۇ.

ئادەتتە بورىچىلار قومۇشنى مۇنداق تۆت خىلغا ئايرىيدۇ.



بىرىنچى خىل قومۇش ـــ بۇ خىلدىكى قومۇشنىڭ غولى چوڭ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ. يۆپەك ئۇرۇقى كۆپ چىقىدۇ، بۇ خىل قومۇشتىن چوڭ بورا توقۇلىدۇ.

ئىككىنچى خىل قومۇش ـــ بۇ خىل قومۇشنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىردىن تۆۋەن، ئۈچ مېتىردىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىك بورا توقۇلىدۇ.

ئۈچىنچى خىل قومۇش ـــ بۇ خىل قومۇشنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىردىن تۆۋەن بىر يېرىم مېتىردىن ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپ ھاللاردا چىت ياسىلىدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەر ئۇنى چىت قومۇش

دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۈچىنچى خىل بورا قومۇش ئادەتتە ئۆي، قوتان ئەتراپىنى چىتلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. چىتلاش ئادەتتە ۋادىك ياغاچ قويۇپ چىتلاش، قىسمداپ چىتلاشتىن ئىبا-رەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تۆتىنچى خىل قومۇش — بۇ خىل قومۇش پىچانغا ئايلاندۇرۇلۇپ — قۇرۇتۇلۇپ، قىش پەسلىدە چارۋىلار-غا يەم-خەشەك ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. يۇمشىتىلغان پىچانغا قوي، كالا، ئۆچكە، ئېشەك بەكمۇ ئامراق. پىچاندىن ئېشىپ قالغان چاۋالار ئوغۇت قىلىنىدۇ.

بورىچىلار بورا توقۇشنى باشلىغاندا «يا شەينا قىشتا پىرىمنىڭ قولى» دەپ باشلايدۇ. بورىچىلار ئارىسىدا «بورا توقۇشنى بىلمىسە جان ئەتكىلى بولماس»، «بورا تو-قۇشنى بىلمىگەن ئەر ئەمەس، بورا توقۇشنى بىلمىگەن ئايال ئۆيلىنەلمەس» دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ كەلگەن. بورا چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئۈچ مېترلىق بورا، تۆت مېترلىق بورا، بەش مېترلىق بورا، ئون مېترلىق بورا، 15 مېترلىق بورا دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

بورىچىلار ئادەتتىكى بورىلارنى توقۇش بىلەن بىللە، يەنە سەنئەت خاراكتېرلىك بورىلارنىمۇ توقۇپ كەلگەن. بۇ خىل بورىلار قومۇشنى توقماق بىلەن سوقۇپ، ئاقلىغۇچ بىلەن ئاقلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كاسىغا چىلاپ ئېھتىياج بويىچە سېرىق، قىزىل، قارا ۋە كۆك رەڭدە بوياپ، ئەتۇر توقۇش ئۇسۇلى بويىچە توقۇ-لىدۇ. بورا توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى گۈزەل ھەم رەڭدار مەنزىرە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز تارىختا بۇنداق گۈللۈك، رەڭدار بورىلارنى ئۆينىڭ تۆت تېمىغا ئېسىپ ئۆز ئۆيىنى گۈزەللەشتۈرۈپ كەلگەن. ئەمما خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر تاملارغا گىلەم ئېسىپ، گۈللۈك بورا ئېسىش تەدرىجىي ئىستېمالدىن قالغان.

بورا توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار:

ياغۇچ — ياغۇچ ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 10 — 15 سانتى-مېتىر كېلىدىغان يۇملاق ياغاچنى ئويۇپ نوكاچ قىلىپ، ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇچلۇق تۆمۈرنى بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ياغاچ ئارقىلىق قومۇشنى بىر تال، بىر تالدىن يېرىپ، بىر باغلام بولغاندا توقماق بىلەن سو-قۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاچا ئاقلىغۇچ بىلەن ئاقلىنىپ بورا توقۇشقا تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئويماق، باغلانچى (باغلىق) ئاقلىغۇچ، تولۇق تاش، بورا پىچىقى قاتارلىق سايمانلار بورا توقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**

(1) ئابلا قۇربان «شۋول تەزكىرىسى»، «كېرىيە تارىخ ما-تېرىياللىرى»نىڭ 7-قىسمى.

(2) غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007-يىلى 5-ئاي 1-نەشرى.

(3) ئىسرايىل يۇسۇپ، ئەنۋەر قاسىم، «غەربىي يۇرت يىپەك-ئېچەك مەدەنىيتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىللىق 1-نەشرى.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەش-مىسىدە)

# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۇگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 — 4554017

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى




## بۇت، بۇتخانا ۋە چاكچىلەنىڭ بايانى ※

**ئىلاۋە:**

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىغا قەشقەر تېكستلىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە «بۇت، بۇتخانا ۋە چاكچىلەنىڭ بايانى»نى بەردۇق. بۇ تېكستلەرمۇ ئالدىنقى تېكستلەرگە ئوخشاشلا داڭلىق تۈركولوگ گۇننار ياررىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن 1991-يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى — خەنزۇ تىياتىرىغا ئىسلامى نۇقتىدىن نەزەر — تۈركىيچە تېكستلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى» ① دېگەن نامدا شۋېتسىيەدە ئېلان قىلىنغان. بۇ توپلامدا جەمئىي ئۈچ پارچە تېكىست بولۇپ، تېكستلەردە قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇ بازىرى دەپ ئاتالغان خەنچىلىك (يېڭىشەھەر ناھىيەسى)② دىكى خەنزۇلارنىڭ تىياتىرى، بۇتخانىلىرى ۋە باشقا ئۆرپ-ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. گۇننار ياررىڭنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ تېكستلەرنى قەشقەرلىك ئابدۇلۋاھىد ئاخۇن ③ 1917-يىلى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۆزىتىشى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ④. شۋېتسىيەلىك مىسسيونېر جون تورنكۋىت (1876~1937)⑤ ئۇنىڭ بۇ يازمىسى ئاساسىدا 1917-يىلى «شەرقىي تۈركىستاندىكى (شىنجاڭ) خەنزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى»⑥ ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئەينى يىللاردا قەشقەر رايونىدىكى خەنزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، شۇنداقلا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلارغا بولغان كۆز قاراشلىرىنى تونۇشتۇرغان⑦.

تېكستلەرنىڭ ھەجمى قىسقا بولسىمۇ، بىراق ئەينى يىللاردا قەشقەردە ياشىغان خەنزۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتى، ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چۈشىنىشتىكى ھەم تىلشۇناسلىق، ھەم فولكلور تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مۇھىم ماتېرىيالدۇر.

بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەينى دەۋرنىڭ تىل ۋە فولكلور ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئەسلىي فونېتىكىلىق قائىدە بويىچە ئوقۇلغۇلاپ، ئەسلىي تېكستلەردە خاتا يېزىلغان سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىلدى ھەمدە بىر قىسىم شىۋە سۆزلۈكلىرى، فونېتىكىلىق پەرقلەرگە ئىگە سۆزلەرگە، كەسپىي سۆزلەرگە ۋە تارىخىي ئاتالغۇلارغا مۇۋاپىق ئىزاھ بېرىلدى.

**— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن**

## بۇتلارنىڭ بەيانى

### مەتنىلەر

بت‌لارنینک بیانی

بوتپرست‌لار یغاچدین لایدین مسدین تموردین تاشدین توچدین تدم صورتیکا حیوان صورتیکا اوچارلیق جانوار صورتیکا اوخشه هر خیل بت‌لارنی یاساب انکا عبادت قیلادور.

مثلاً بر بت‌خانه‌که قیلساق بت اوچون چونک بر عمارت بنا قیلیب. همه‌دین ایچکاری اویده آدم صورتیکا اوخشه بر بت یاساب انکا هر رنک ایکین‌لار برله زینت بریب یغاچدین یاسالغان بر تخت قویوب انینک اوستیکا بر بت توختاتیب الدیدا چویوندین اتکان اوچ یوتلوق بر قازانغه اوخشه خوش بوی کویدورادورغان بر نیمه توختاتیب قویادور بت‌خانه باش اورادورغان کیشی کیرسه اولوغ‌ایچیده بر سقیم آچ یغاچیدین طیار قیلغان اوشاق چیبیقچه اوخشه بورادورغان بر نیمه‌نی سانچیب قویوب اندین تورت تختا سیریق کاغذنی کویدوروب تیز چوکوب باش قویوب اوندین قوپوب بت‌خانه بر تعظیم قیلیب آرقاسیغه یانیب چیقیب کیتادور.

بر منصب‌دار بت‌خانه‌که باش اورغالی کیرسه ایکی مکتب‌ده اوقویدورغان بالا ایکی یانیدا توروب باش قوی باش کوتر اولتور قوب دیب رسم‌لارنی ایتیب توزادور هر یلده بر نوبت عید کونلاریدا بت‌لارغه تورت قوی اوبدان ایکی بوتا اولتوروب قربانلیق قیلادور بر قوی‌نینک تریسنی سویاب ایچ بوروشینی الیب اتیب چاریه‌سینی باشیغه ایلیب بت‌نینک الدیدا توختاتیب قویادور ... بزنینک بت‌لارنینک الدیغه قویوب بیزکه بت‌لار چیغیر یاندوردی دیب بت خانه‌نینک شیخی الیب چیقیب بیدور.

بت‌پرست‌لارنینک اراسیدا بر نیمه یوق بولوب قالسه بت خانه‌که بر خوروز الیب باریب باش اورغیل دیب کومانداریغه ایتسه قورقوب حاضر اقرار قیلیب الغان نرسه‌لارنی یاندوروب برادور بعضی وقت‌لاردا بت‌نی شهرنینک کوچه‌لاریدا کوتاریب گوزلارنی ایلاندوروب شهر چورکالاتیب ماشولیق بولادور وبا کسل بولمایدور شهرکه اوت المایدور دیب باطل خیال‌لارنی قیلادور کسل‌لارنی بت‌خانه‌لارکه الیب کلیب مدد قولغیل دیب یالوم قیلادورلار.

بۇتپەرەسلەر ياغاچتىن، لايدىن، مىستىن، تۆمۈردىن، ⑧ تاشتىننب، تۇچدىن ئادەم سۈرەتىگە، ھەيۋان سۈرەتىگە، ئۇچارلىق جانىۋار ⑨ سۈرەتىگە ئوخشا⑩ ھەر خىل بۇتلارنى ياساپ، ئاڭا⑪ ئىبادەت قىلادۇر.

مەسەلەن ⑫: بىر بۇتخانىگەھ ⑬ قىلساق بۇت ئۈچۈن چوڭ بىر ئىمارەت بىنا قىلىپ، ھەممەدىن ئىچكەرى⑭ ئۆيدە ئادەم سۈرەتىگە ئوخشا بىر بۇت ياساپ، ئاڭا ھەررەڭ ⑮ ئىگىنلار بىرلە زىننەت بېرىپ، ياغاچتىن ياسالغان بىر تەخت قويۇپ، ئانىڭ ئۈستىگە بىر بۇت قويۇپ توختىتىپ، ئالدىدا چۆيۈندىن ئەتكەن ئۈچ پۇتلۇق بىر قازانغا ئوخشا خۇشبۇي كۆيدۈرەدۇرغان بىر نىمە توختىتىپ قويادۇر. بۇتقا باش ئۇرادۇرغان كىشى كىرسە ئەۋۋەل بارىپ، بىر سقىم ئاچ ياغاچتىن⑯ تەييار قىلغان ئۇششاق چىبىققە ئوخشا بۇرايدۇرغان بىر نىمەنى سانجىپ قويۇپ، ئاندىن تۆت تاختا سېرىق كاغەزنى كۆيدۈرۈپ تىز پۈكۈپ، باش قويۇپ، ئۇندىن قوپۇپ بۇتقا بىر تەئزىم ⑰ قىلىپ ئارقىسىغا يانىپ چىقىپ كېتەدۇر.

بىر مەنسەپدار بۇتخانىگە باش ئۇرغالى كىرسە ئىككى مەكتەپتە ئوقۇيدۇرغان بالا ئىككى يانىدا تۇرۇپ باش قوي، باش كۆتەر، ئولتۇر، قوپ دەپ رەسىملارنى ⑱ ئايتىپ تۇرادۇر. ھەر يىلدا بىر نەۋۋەت⑲ ئەيىد كۈنلەرىدە⑳ بۇتلارغا تۆرت قوي، ئوبدان ئىككى بوقا ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلادۇر. بىر قوينىڭ تېرىسىنى سوياپ ئىچ يۇرۇشىنى㉑ ئالىپ ئاتىپ، چارۋاسىنى㉒ باشغا يايىپ بۇتنىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويادۇر ۋە ھەم نەچچە قىسم ئاش-نانلارنى بۇتلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بىزگە بۇتلار يىمىز ياندۇردى دەپ بۇتخانىنىڭ شەيخى ئالىپ چىقىپ يەيدۇر.

بۇتپەرەستلەرنىڭ ئاراسىدا بىر نىمە يوق بولۇپ كەتسە بۇتخانىگە بىر خورۇز㉓ ئالىپ بارىپ، باش ئۇرغىل㉔ دەپ كوماندارىغا ئايتسە، قورقۇپ ھازىر ئىقرار قىلىپ، ئالغان نەرسىلەرنى ياندۇرۇپ بېرەدۇر. بەئزى ۋەقتلاردا بۇتنى شەھەرنىڭ كوچىلارىدا كۆتەرىپ، گۆزەرلەرنى㉕ ئايلاندۇرۇپ، شەھەر چۆرگۈلەتىپ㉖ فائىدىلىق㉗ بولادۇر ۋەبا كىسسەل بولمايدۇر، شەھەرگە ئوت ئالمايدۇر دەپ خەياللارنى قىلادۇر. كىسسەللەرنى بۇتخانىلەرگە ئالىپ كەلىپ مەدەد قىلغىل㉘ دەپ يالۋۇرىدۇ قىلادۇرلار.

**بۇتلار ئۈچۈن تەئىن㉙ قىلىنغان ئۆيلەرنىڭ بەيانى**

بۇتپەرەستلەر بۇتلار ئۈچۈن ئۈچ ئاشىيانەلىك㉚

بُتلار اوچون تعیین قیلینغان اولارنینگ بیانی .

بُت پرستلار بُتلار اوچون اوچ اشبابلیک برعمارت بنا قیلادور ئولقی دروازینینگ اوستیکا بالا خانه‌کا اوخشاش چانکچیله‌کشلار چانکچیله اوینافالی یغاچدین برخانه طیار قیلادور اول خانه‌نینگ ایکی یانیغه اویان طیار قیلغالی ایکی اوی بنا قیلیب بیروده اوزنی طیار قیلادور ینه بیروده لازیم بولادورغان نرسه‌لارنی قویادور پیش ایوانیدا تورۇب چانکچیله‌کشلار رسم قاعده‌لارنی کورساتیب تیرقه‌سی بیلان اوینایدور پستراکی صحنه‌نینگ ایکی یانیغه فقرالارنینگ خاتونلاری و بالالاری اولتورغالی ایکیز ایکی خانه قیلادور اولتورادیکی صحنه‌ده فقرالار یغاچدین اتکان بیندونکلارده اولتوروب چای ایچیب اویلن کورادور.

ایکنچی خانه‌نینگ دروازه‌سی‌نینگ ایکی یانیغه یاسالغان ایکی خانه‌نینگ بیروده عملدار ینه بیروده خاتون بالالاری بیرله اولتوروب اویلن کورادور.

اوچونچی خانه‌ده بُتلاردین بلشقد شیخلاردین بولاک کشی تورمایدور بُت تراده‌دن خانه‌ده بُتنی توختاتغان تخت‌نینگ ایکی یانیداکی تامنینگ الویدا توختاتغان بُتلارنینگ ارقاسیدا یکرمه جوف موشام‌دان بیش جوف قندیل برابر توختاتیغلیق توراادور لازیم بولغاندا شام‌دان لاغه یاغ تولوب یاندورین کویدورادور قندیللار تمام وقت اسیغلیق توراادورلار .

تویم زماندین تاقیب بُت پرست‌لارنینگ وراسیدا بولغان جم بار .

— بُت پرستلار بولغان واحد اللهنی رد قیلیب بُتلار اوچون تولا رسملار و تولا خانه‌لار بنا قیلیب شول رسملار بیرله یوروب قرانکغو یولدا قلیب دور.

—— بو ولایت‌لارده‌کی بُت پرستلارنینگ رسملاریکا قایللساق برچند بلشقد مشغول‌دور تولا قسم بُتلاری بار چونکه بُت خانه دیکان بُت خانه‌سیکه قایللساق خان‌نینگ توخولغان کونی بولسه یا برخان تخت‌غه اولتورغان بولسه جمیع حلم منصب‌دارلاری و قلم منصب‌دارلاری باریب بُت خانه‌کا کیریب کاغذ کویدوروب باش قویادور اول خانه‌ده اوتکان خانلارنینگ خاتونلاری‌نینگ وزیرلاری‌نینگ صورتلاری بار صورتلارکه بولک بُتلاردین تولاق بُتلار برلان منصب‌داردین بولک

کشیلار باش اورغالی کیرالمایدور تمام کیچه‌ده برچند شام‌غه اوخشاش مصوبن اتکان شام‌دانغه یاغ تولوب یاندوردین کیچیرادور بیلوا اوچ کون چانکچیله قیلیب اوتکان خانلار وزیرلار [redacted] سوالوا اتکان تانواغ عملده اوتکان قیلغان ایشلارنی بوروب بوروب دوراب فقرا عملدار عسکرلارکه کورساتیب اوتادور .

ایکنچی ینه برقسم بُت خانه‌سی بار اول بُت خانه‌کا خواه کیچه خواه کوندوز قیلغان گناه ایشلاریغه پشیمان بولسه باریب مخوین حساب الماغیل من بهان ایشتدین یاندیم دیب ایکی مرتبه باش قویوب ناغز کویدوروب تعظیم قیلیب شیخیغه پل یا موف یا کوروچ اونودیک برنیمه بیریب یادور بعضی‌لاری بولار عمارتلار وقف قیلادور

و ینه برقسم بُت خانه‌سی بار تامیلاریکا هیبتلیک هر خیل نرسه‌لارنینگ صورتلارینی تارتقان باشی کاله‌نینگ یولبارس نینگ ایق‌نینگ مایمون‌نینگ باشیغه اوخشار لیکن تنی تمام آدم‌نینگ تنی‌که اوخشایدور باشی اوزغالی تعیین وقت بارمایدور بیز اولگانده عمل‌لاریمیزنی سورایدور دیب خیال قیلیب باش اوروب کاغذ کویدوروب کلادور .

— — ینه برقسم خاتون و تیز بالالاری اوچون طیار قیلغان بُت خانه‌سی بار اول بُت خانه‌ده ایکی ترف خاتون برچند باشی تعنتی‌لارنینگ صورتلاری بار خاتون کشی و تیز بالالاریدین بلشقه کشی‌لار بارمایدور هر بلده التدکونی چانکچیله اویناب یملن خاتونلار اولگانده انواغ عزاب تارادور موفیق قیلادور دیب کورساتیب اوتادورلار .

بىر ئىمارەت بىنا قىلادۇر. ئەۋۋەلقى دەرۋازەنىڭ ئۈستى-گە بالاخانەگە㉛ ئوخشا چاڭچىلەكەشلەر㉜ چاڭچىلە ئوي-ناغالى ياغاچتىن بىر خانە㉝ تەييار قىلادۇر. ئەۋۋەل خا-نەنىڭ ئىككى يانىغا ئويان㉞ تەييار قىلغالى ئىككى ئۆي بىنا قىلىپ، بىرىدە ئۆزىنى تەييار قىلادۇر، يەنە بىرىدە لازىم بولادۇرغان نەرسەلەرنى قويادۇر. پەشتايۋاندا㉟ تۇرۇپ چاڭچىلەكەشلەر رەسىم قائىدەلەرنى㊱ كۆرسە-تىپ تەرىقەسى بىلەن㊲ ئوينايدۇر. پەستەكى سەھنەنىڭ ئىككى يانىغا فۇقرالارنىڭ㊳ خاتۇنلارى ۋە بالالارى ئول

تۇرغالى ئېگىز ئىككى خانە قىلادۇر. ئوتتۇرىدىكى(39) سەھنە-
دە فۇقرالار ياغاچتىن ئەتكەن بەندۇگلاردا(40) ئولتۇرۇپ،
چاي ئىچىپ ئويان كۆرەدۇر.

ئىككىنچى خانىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يانىغا يا-
سالغان ئىككى خانىنىڭ بىرىدە ئەمەلدار، يەنە بىرىدە
خاتۇن بالالارى بىرلە(41) ئولتۇرۇپ ئويان كۆرەدۇر.

ئۈچىنچى خانىدە بۇتلاردىن باشقا شەيخلاردىن
بۆلەك كىشى تۇرمايدۇر. بۇت تۇرادۇرخان خانىدە بۇتنى
توختاتقان تەختىنىڭ ئىككى ياندىكى تامنىڭ(42) ئالدىدا
توختاتقان بۇتلارنىڭ ئارقاسىدا يىگىرمە جۇپ(43) شامدان،
بەش جۇپ قەندىل(44) بەرابەر(45) توختاتىغلىق تۇرادۇر.
لازىم بولغاندا شامدانلارغا ياغ قۇيۇپ پىلتەدىن كۆيدۇرە-
دۇر. قەندىللار تەمام ۋەقت (46) ئاستىغلىق تۇرادۇرلار.

قەدىم زەماندىن تارتىپ بۇتپەرەستلەرنىڭ ئاراسىدا
بولغان رەسملار

بۇتپەرەستلەر ياراتقان ۋەھد ئاللاھنى رەت قىلىپ،
بۇتلار ئۈچۈن تولا رەسملەر ۋە تولا خانەلەر بىنا قىلىپ
شۇل رەسملەر بىرلە يۇرۇپ قاراڭغۇ يولدا قالىپدۇرلار.

بۇ ۋىلايەتلەردەكى بۇتپەرەستلەرنىڭ رەسملەرىگە
قايىلاساق(47) بىر نەچچە بۇتقا باش ئۇرادۇر. تولا قىسىم
(48) بۇتلارى بار. چوڭ بۇتخانە دېگەن بۇتخاناسىگە قاي-
لاساق، خانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولسا يا بىر خان تەختكە
ئولتۇرغان كۈنى بولسا ھەممە ئەلەم مەنسەپدارلارى(49)
ۋە قەلەم مەنسەپدارلارى(50) بارىپ، بۇتخانەگە كىرىپ،
كاغەز كۆيدۇرۇپ باش قويادۇر. ئۇل خانىدە ئۆتكەن
خانلارنىڭ خاتۇنلارىنىڭ، ۋەزىرلارىنىڭ سۇرەتلەرى بار
سۇرەتلەرگە بۆلەك بۇتلاردىن تولاراق زىننەتلەر بەرگەن
مەنسەپداردىن بۆلەك كىشىلەر باش ئۇرغالى كىرەلمەي-
دۇر. تەمام كىچەدە(51) بىر نەچچە شامغا ئوخشا مىستىن
ئەتكەن شامدانغا ياغ قۇيۇپ، پىلتەدىن كۆيدۇرەدۇر.
يىلدا ئۈچ كۈن چاڭچىلە قىلىپ، ئۆتكەن خانلار، ۋەزىر-
لەر ھەممە ئەھۋالدا ئۆتكەن قانداغ ئەمەلدە ئۆتكەن،
قىلغان ئىشلارىنى بىردىن بىردىن دوراپ فۇقرا، ئەمەلدار،
ئەسكەرلەرگە كۆرسەتىپ ئۆتەدۇر.

ئىككىنچى يەنە بىر قىسىم بۇتخانەسى بار. ئۇل بۇت-
خانەگە خاھ (52) كىچە خاھ كۈندۈز قىلغان يامان ئىشلارد-
غە پۇشەيمان (53) ئالماغىل، مەن يامان ئىشدىن ياندىم
دەپ ئىككى مەرتەنە باش قويۇپ كاغەز كۆيدۇرۇپ
تەئزىم قىلىپ، شەيخغە پۇل يا قوي يا كۈرۈنج (54)
ئۈندەك بىر نىمە بېرىپ يانادۇر. بەئزىلەرى يەرلەر، ئىما-
رەتلەر ۋەقف(55) قىلادۇر.

ۋە يەنە بىر قىسىم بۇتخانەسى بار تاملارىگە ھەيبەت-
لىك ھەر خىل نەرسەلەرنىڭ سۇرەتلەرنى تارتقان باشنى،
كالانىڭ، يولبارسنىڭ(56) ئېيىقنىڭ، مايمۇننىڭ باشقا ئوخ-
شارلىكىن تەنى (57) تەمام ئادەمنىڭ تەنىگە ئوخشايدۇر.
باش ئۇرغالى تەئىن ۋەقت بارمايدۇر. بىز ئۆلگەندە ئە-
مەللەرىمىزنى سورايدۇر دەپ خەيال قىلىپ باش ئۇرۇپ
كاغەز كۆيدۇرۇل كېلەدۇر.

يەنە بىر قىسىم خاتۇن ۋە قىز بالالارى ئۈچۈن
تەييار قىلغان بۇتخانەسى بار. ئۇل بۇتخانىدە ئىككى
قىرى خاتۇن(58) بىر نەچچە ياش تەئتەيلەرنىڭ(59) سۇرەت-
لەرى بار. خاتۇن كىشى ۋە قىز بالالاردىن باشقا كىشىلەر
بارمايدۇر. ھەر يىلدا ئالتە كۈن چاڭچىلە ئويناپ يەمەن
خاتۇنلار ئۆلگەندە ئانداغ ئازاب تارتادۇر، مۇنداغ
قىلادۇر دەپ كۆرسەتىپ ئۆتەدۇرلار.

## چاڭچىلەنىڭ بەيانى

## چانک چیلەنینک بیانی

چانک چیله دیگان قدیم زمانوین تارتیب خاقان
اتلیمیداکی بُت پرستلارنینگ اراسیدا رسم بولغان و مسلمان
لارنینگ کتاب خانلاری بازارلارده یوروب داموبلیق تیلادورغان
مقاللوغه اوخشه بر رسمدور.

بُت پرستلار ایلگرگی وقتلارده اوتکان خانلارنینگ
حکایه لارنی چانک چیله اوینات کورساتادور ایکی پادشاه بیربیری برله
تیلغان جنگ نی باشلاسه ایکی کشی میدانغه کیریب بر
بیریله جوله حملات بولوب اوروشقنی خواهلاسه اول بیری
کیریب نیزه بازلیق شمشیر بازلیق عمود بازلیق سپر بازلیق
تیلاب بر نیچه قسم سپاگریلیکنینگ طریقه لارنی کورساتیب
جود طلب تیلادورلار ینه بر پادشاه طرفیدین بر پهلوان
کیریب تقابیل بولوب اوروشوب بریف تاپورادور شو طریقه
بیلان اوتکان خانلارنینگ تیلغان عمللارنی دوراب کورسا
تیب اوتادور.

ینه بر قسم چانک چیله بار پادشاهلار وزیرلار اینکرین
کیمیکوراک عملدارلارنینگ و باش یکت تیز جوانلارینینگ
ارسیده بولغان توی مجلیس دا بولغان صحبتلار و شعر
لارنی اوقوب طریقه لاری بیلان اوضاب کورساتیب
اوتادورلار.

چاڭچىلە دېگەن قەدىم زەماندىن تارتىپ خاقان ئىقلىمداكى⑥⓪ بۇتپەرەستلەرنىڭ ئاراسىدا رەسىم بولغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كىتابخانىلارى بازارلاردا يۇرۇپ ۋا- ئىزلىق قىلدۇرغان موللالارغا ئوخشا بىر رەسىمدۇر.

بۇتپەرەستلەر ئىلگىركى ۋەقتلاردا ئۆتكەن خانلار- نىڭ ھېكايەلەرنى چاڭچىلە ئويناپ كۆرسەتەدۇر. ئىككى پادىشاھ بىر-بىرى بىرلە قىلغان جەڭنى باشلاسا ئىككى كىشى مەيدانغا كىرىپ بىر-بىرلەرى بىرلە مۇلاقات بولۇپ، ⑥① ئۇرۇشقىنى خاھلاسا ⑥② ئاۋۋەل بىرى كىرىپ نەيزەبازلىق، شىمشەربازلىق، ئۇمۇدبازلىق،⑥③، سپەربازلىق ⑥④ قىلىپ، بىر نەچچە قىسىم سپاگەرچىلىكنىڭ ⑥⑤ تەرىقەلەرنى كۆرسەتىپ مەرد ⑥⑥ تەلەپ قىلادۇر. ئاندىن يەنە بىر پادىشاھ تەرەفىدىن بىر فەۋلەۋان ⑥⑦ كىرىپ تەقابىل بولۇپ⑥⑧ ئۇرۇشۇپ بىرىنى قاچۇرادۇر. شۇ تەرىقە بىلەن ئۆتكەن خانلارنىڭ قىلغان ئەمەللەرنى دوراپ كۆرسەتىپ ئۆتەدۇر.

يەنە بىر قىسىم چاڭچىلە بار. پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ئانىگدىن كىچىكرەك ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ياش يىگىت، قىز- جۇۋانلارنىڭ ئاراسىدا بولغان توي مەجلىسدا بولغان مۇ- ھەببەتلار ۋە شېئىرلارنى ئوقۇپ تەرىقەلەرى⑥⑨ بىلەن ئويناپ كۆرسەتىپ ئۆتەدۇرلار.

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ**

**(جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خادىمى)**

خەنچىلىڭ (يېڭىشەھەردىكى) خەنزۇ تىياتىرنى ئويناۋاتقان كۆ- رۈنۈش (بۇ سۈرەتنى 1930-يىلى 2-ئايدا گۇننار ياررىڭ تارتقان).

خەنچىلىڭ (يېڭىشەھەر)دىكى خەنزۇ تىياتىرى (بۇ سۈرەتنى گۇننار ياررىڭ 1930-يىلى 2-ئايدا تارتقان).

خەنزۇ تىياتىرنى كۆرۈش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىدىكى تۇرغان كىشىلەر. ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغانلار تىياتىر كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن يەرلىك ئۇيغۇرلار (بۇ سۈرەتنى گۇننار ياررىڭ 1930-يىلى 2-ئايدا تارتقان).

چاڭچىلە سەھنىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان چىلىڭ ھۆ- كۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى (بۇ سۈرەت 1907-يىلى قەشقەردە تارتىل- غان، شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى «فىراننى يىغمىلىرى» 9- نومۇرلۇق ئارخىپتا ساقلىنىۋاتىدۇ).

---

ماۋزۇ نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلدى.

① گۇننار ياررىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەتلەر توقۇنۇ- شى — خەنزۇ تىياتىرىغا ئىسلامى نۇقتىدىن نەزەر — شەرقىي تۈركچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى»، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (شۋېتسىيە)، 1991-يىلى (ئىنگلىز- چە نەشرى )، ② «مىنگو دەۋرىدە قەشقەر يېڭىشەھەر 汉城 (خەنزۇ بازىرى) دەپ ئاتالغان، ③ بۇ كىشى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆ- مىكى ياللىغان تىل ئوقۇتقۇچىسى، شۇنداقلا شۋېت باسمىخانىسى- نىڭ مۇھەررىرى، ④ گۇننار ياررىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنى- يەتلەر توقۇنۇشى — خەنزۇ تىياتىرىغا ئىسلامى نۇقتىدىن نەزەر — شەرقىي تۈركچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزا- ھاتلىرى»، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (شۋېتسىيە)، 1991- يىلى (ئىنگلىزچە نەشرى)، 5-، 7-بەتلەر، ⑤ جون تورنكۋىت شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئىتتىپاقىنىڭ مىسسىيونېرى، 1904-يىلى- دىن 1937-يىلغىچە قەشقەردىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمى- كىنىڭ باش مىسسىيونېرى سۈپىتىدە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇل- لانغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە كۆپىنچە خەنچىلىڭ (يېڭىشەھەر)دە تۇرغاچ- قا خەنزۇ ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى بىر قەدەر چوڭقۇردۇر، ⑥ جون تورنكۋىت: «شەرقىي تۈركىستاندىكى خەنزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى»، ستوكھولم، (گۇننار ياررىڭ تەر- جىمە قىلغان ئىنگلىزچە نۇسخا)، 1917-يىلى، 138-بەت، 147- بەتلەر، ⑦ گۇننار ياررىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەتلەر توقۇ- نۇشى — خەنزۇ تىياتىرىغا ئىسلامى نۇقتىدىن نەزەر — شەرقىي تۈركچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى»، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى (شۋېتسىيە)، 1991-يىلى (ئىنگلىزچە نەشرى)، 5-بەت، ⑧ تۆمۈر، ⑨ ئۇچار قۇش، ⑩ ئوخشاش، ⑪ ئۇنىڭغا، ⑫ مەسىلەن، ⑬ بۇتخانا، ⑭ ئىچكىرى، ⑮ ھەر خىل، ⑯ ئارچا (يۇلغۇن تۈرىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك)، ⑰ تەزىم، ⑱ قائىدە، قائىدە-يوسۇن، ⑲ نۆۋەت، ⑳ ھېيت كۈنى، ㉑ ئىچ قارنى (قوي - كالىلارنىڭ ئىچ قارنى)، ㉒ ئىچ يېغى (قوي - كالى- لارنىڭ)، ㉓ خوراز، ㉔ باش ئۈر، باش قوي، ㉕ كوچا، دوقمۇش، ㉖ چۆرگىلىتىش، ㉗ پايدىلىق، ㉘ مەدەت بەر، ياردەم قىل، ㉙ تەييار قىلىش، تەسىس قىلىش، ㉚ قەۋەت، تورۇس، ئۆگزە، ㉛ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆي، ㉜ چاڭچىلە ئوينايدىغانلار، ㉝ ئۆي، ㉞ ئويۇن، ㉟ پىشايۋان، ئايۋان، ㊱ قائىدە-يوسۇن، ㊲ ئۆز يولى، ㊳ پۇقرا، ئاۋام، ㊴ ئوتتۇرا، ㊵ ئورۇندۇق، ㊶ بىرلىكتە، ㊷ جۈپ، ㊸ قەندەل (مېۋە-چىۋە، قەنت-گېزەك تىزىپ قويىدىغان قاچا)، ㊹ ئوخشاش تەرتىپتە، تەكشى، ㊺ ئۇزاق مەزگىل، ㊻ قارىساق، ㊼ ھەرخىل، ㊽ ھۆكۈمدارلار، ㊾ ئىلىمدارلار، ㊿ پۈتۈن كېچە، ⑤① بەزىدە، ⑤② پۇشايمان، ⑤③ گۇرۇچ، ⑤④ تەقدىم قىلىش، ⑤⑤ يولۋاس، ⑤⑥ تېنى، تەن، ⑤⑦ خوتۇن، ⑤⑧ تەتەي (خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ خوتۇنى)، ⑤⑨ چىلىڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ، ⑥⓪ ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش، ⑥① ئۇرۇشۇشنى خالىسا، ⑥② ئۇمۇت (ئۇرۇش-سوقۇش ئۈچۈن تەييارلان سايمان)، ⑥③ قالقانۋازلىق، قالقان، ⑥④ قالقان (سىپارنى ئەپچىل) ۋە چاققان ئىشلىتىش، قالقان (سىپار) تۇتۇپ ئېلىشىش ئىشى، ⑥⑤ ئەر، باتۇر، ⑥⑥ پەھلىۋان، ⑥⑦ تاقابىل تۇرۇپ.



# چۈشنى سېتىش

بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا، تۈگىنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن زاماندا، ئاتنىڭ تۇۋۇقى ئالتۇن زاماندا، گادايلارنىڭ يۈرىكى يالقۇن زاماندا، بىر سەھرادا ئەسئەت ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئاخۇنۇم ياشىغانىكەن. بۇ ئاخۇنۇم جۈمە يورىيدىغان بىر كېچىسى ناھايىتى خاسىيەتلىك چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە 14 كۈنلۈك تولۇن ئاي ئۇنىڭ قوينىغا كىرگۈدەكمىش. ئۇ چاغدىكى زامانلاردا شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى قوينىغا ئاي كىرىپ چۈش كۆرگەنلەرنى ناھايىتى چوڭ ئىنئاملار بىلەن مۇكاپاتلايدىكەن. چۈنكى ئاي دېگەن پۈتۈن كېچىدىكى ئالەمنى يورۇتقان بولغاچقا شەھەرگە تىنچلىق ھەم بەرىكەت ياغدۇ دەپ قارىلىدىكەن.

ئەسئەت ئاخۇنۇم ئەتىسى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ غۇسلى قىلىپ سەللە، تون، ھەسە-كالاچلىرىنى كىيىپ بۇ چۈشنى تېز يەتكۈزۈپ، پادىشاھنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يېرىم كۈن مېڭىپتۇ. يول بويىدىكى يايلاقتا 20 ياشلار چامىسىدا قولاق تۇۋىگىچە بىر تاز ئەسئەت ئاخۇنۇمنىڭ شۇنداق تېزلىك بىلەن پالاقشىپ ھاسىراپ ھۆمۈدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئال-دىنى توسۇپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ھەي ئاخۇنۇم، سىلىگە نېمە خۇشاللىق بولدى، بۇنچە ئۈندەرەپ نەگە ماڭدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يولۇمنى توسما، مېنىڭ بۇ خۇشاللىقىمغا ھېچقانداق خۇشاللىق يەتمەيدۇ. مەن كېچىدىن قوينۇمغا 14 كۈنلۈك تولۇن ئاي كىرىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. ھازىر مەن بۇ چۈ-شۈمنى پادىشاھقا بېرىپ ئېيتىدىغان بولسام، بۇ خاسىيەتلىك چۈشۈمنىڭ بېشارىتى ئۈچۈن پادىشاھ ماڭا نۇرغۇنلىغان ئىنئام بېرىدۇ. ئۇ چاغدا مەن كاتتا بايلاردىن بولىمەن. — دەپتۇ ئەسئەت.

— ھەي ئاخۇنۇم، — دەپتۇ پادىچى تاز بۇ ...سيەتلىك چۈشكە قىزىقىپ قىلىپ، چۈشلىرىنى ماڭا ساتامال؟

— ياق مەن بۇ چۈشۈمنى پادىشاھقا ئۆزۈم دەپ كۆپلەپ ئىنئام ئالىمەن، — دەپتۇ ئاخۇنۇم.

— توختىسىلا ئاخۇنۇم، — دەپتۇ تاز تېخىمۇ قىزدىقىپ قېلىپ، — سىلە ياشىنىپ قالغان ئاخۇنۇم ئىكەنلا، تېخى يول نېرى، سىلە شەھەرگە بېرىپ بولغۇچە بەك ھېرىپ كېتىدىلا، ئۇنىڭدىن كۆرە مەن سىلە رازى بولغىدەك ئىنئام بېرەي، بۇ چۈشلىرىنى ماڭا سېتىپ بەرسىلە بولامدۇ؟ ماقۇل دېسىلە!

ئاخۇنۇم بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەمسە ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دەپتۇ.

مەن بېقىۋاتقان بۇ كالىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىگە بېرەي، — دەپتۇ تاز. ئاخۇنۇم خۇشال بولۇپ، ئەگەر مەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارسام، بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىنئام بەرمەس، مەيلى ساتسام ساتاي دەپ ئويلاپتۇ-دە، خاسىيەتلىك چۈشنى بىر پادا كالىغا تېگىشىپتۇ ۋە كالىلىرىنى ھەيدەپ خۇشاللانغان ھالدا ئۆز ئۆيىگە قايتىپتۇ. تاز بولسا ناخشىنى بولۇشىغا توۋلاپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ چېپىپتۇ. تاز كەچ كىرگەندە ھېرىپ، ھاسىراپ، شەھەر سىرتىدىكى بىر مەسچىتكە چۈشۈپتۇ. بۇ كېچىدە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتسەم، ماڭا ئىنئام بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، باشقا بىر پېشكەللىككە ئۇچرىماي يەنە، دېگەنلەرنى ئويلاپ مەسچىتتە قونۇپ قاپتۇ.

تاز مەسچىتتە بەخىرامان ئۇخلىغاچ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى باشقا يەردىن ئاڭلايلى:

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھنىڭ گۈلمېھرى ئىسىملىك تولۇن ئايدەك گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن، گۈلمېھرى خېلى ئىلگىرىسىدىن باشلاپلا مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ باي سودىگەرنىڭ ئوغلىغا ئاشىق-بىقارا بولۇپ قالغانىكەن. پادىشاھنىڭ سودىگەرنىڭ ئوغلىغا گۈلمېھرىنى بەرگۈسى يوق ئىكەن. شۇڭا قىز-يىگىت ئىشق ئوتىغا چىدىماي، بۇ يۇرتتىن قېچىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. يىگىت مەسچىتتە ساقلاپ تۇرماقچى، گۈلمېھرى ئۇنىڭ قېشىغا كەلمەكچى بوپتۇ. گۈلمېھرى ۋەدىلەشكىنى بويىچە تۈن نىسپى ئەل ئايىغى جىمىغاندا يارام ئاتتىن ئىككىنى تەييارلاپ، ئاتقا ئالتۇن-كۈمۈش ئارتىپ مەسچىتنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ، ئۇ ئاتلارنى باغلاپ قويۇپ پادىچى تازنى ئۆز ئاشىقى خىيال قىلىپ ئويغىتىپ ئاتقا مىنىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ھېچنېمىنى بىلمىگەن تاز چالا ئۇيقۇلۇقتا گەپ قىلماي ئاتقا مىنىپتۇ-دە، قىز ئالدىدا، تاز كەينىدە يولغا راۋان بولۇپتۇ.

بۇ كېچىسى سودىگەرنىڭ ئوغلى باشقا بىر ئىش تۈپەيلىدىن مەسچىتكە كېلىشكە كېچىكىپ قاپتۇ. تەقدىر قىسمەت دېگەن شۇ! بۇ ئىش پادىچى تاز مەسچىتتە قونغان كېچىسىگە توغرا كېلىپ قاپتۇ.

ئۇلار باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، گەپ-سۆز قىلىشماي مېڭىۋېرىپتۇ. بىر سايغا بارغاندا ئالەم سۈزۈلۈپ تاڭ ئېتىپتۇ. قىز كەينىگە قارىغۇدەك بولسا ئات ئۈستىدە گەدىنىگىچە پاخشەك بىر تاز ئولتۇرغۇدەك. گۈلمېھرى ھەيران بولۇپ، — سەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىچى تاز نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر-بىرلەپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىز تازنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىپ، ھەي تاز تەلەيلىك ئىكەنسەن، بەختىڭگە يارىشا سېتىۋالغان خاسىيەتلىك چۈشۈڭگە ماڭا ئېرىشىپسەن، مەيلى بۇمۇ تەقدىر، تەقدىردىن تاشقىرى بىر ئىش بولمايدۇ، — دەپتۇ ۋە تاز بىلەن بىللە يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ باشقا بىر شەھەرگە كېلىپتۇ ۋە بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىلىرىدىن بىرىنى سېتىۋاپتۇ.

گۈلمېھرى بىلەن پادىچى تاز توي قىلىپ بۇ مېھمانخانىدا ئولتۇرغاچ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى بايدىن ئاڭلايلى:

ئەسلىدە تاز باققان كالىلار بىر نەچچە ئادەملەرنىڭ كالىلىرى ئىكەن، كالىلارنىڭ ئىگىلىرى ئاخۇنۇمدىن سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق تازنى تېپىپ كالىلىرىنى تۆلىتىۋېلىش مەقسىتىدە شەھەرمۇ شەھەر ئىزدەپ ئاخىر مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى تازنى تونۇپ قاپتۇ. ئۇلار تازنى تۇتۇش ئۈچۈن تاز بار مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ. تازمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ تونۇغاندىن كېيىن ئەھۋالنى گۈلمېھرىگە ئېيتىپتۇ. قىز بەك ئەقىللىق بولغاچقا بىر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن پادىچى تازغا:

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم جۆندەيمەن، — دەپ تازنى مەخپىي جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن كالىلارنىڭ ئىگىلىرىنى ئېسىل ھۇجرىلارغا باشلاپتۇ. كەچ كىرىپ ياتار چاغ بولغاندا، قىز كىرىپ ئۇلارغا

مېنىڭ ياشىنىپ قالغان بىر ئانام بار ئىدى، ھازىر قاتتىق كېسەل بولۇپ ياتىدۇ. ئەگەردە سىلەر ياتقان جايىڭلارغا چوڭ تەرەت قىلىپ قويىدىكەنسىلەر، ئانام ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا سىلەرنى قاتتىق جازالىغاندىن باشقا پۈتۈن مال- مۈلكۈڭلارنى مۇسادىرە قىلىپ تارتىۋالىمەن، — دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىز بۇ ۋاققا قەدەرمۇ ھېچقاچان ياتقان جايىمىزغا تەرەت قىلىپ قويغان ئەمەس دەپ بەخىرامان خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلاۋېرىپتۇ. تەڭ كېچىدىن ئاشقاندا قىز ئۆزىنىڭ ئويلىغان ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئاۋۋال بىر- ئىككى چارەك ئۆرۈكنىڭ گۈلىسىنى ئۇچكىسىدىن ئايرىپ قايىنىتىپ خېمىردەك قىلىپ يوتقان- كۆرپىلىرىگە سۈركەپ چاندۇرماستىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇلاردىن بىرسى سەھەر پەسلى بولغاندا شۇنداق ئۆرۈل- گۈدەك بولسا يوتقان- كۆرپىلىرى ۋە بەدەنلىرى نىجا سەتكە مىلىشىپ تۇرغۇدەك، ئۇ چاچراپ قوپۇپ باشقىلار- نى ئويغىتىپ دەپتۇ:

— مەن كېچىدىن ياتقان جايىمغا چوڭ تەرەت قىلىپ قويۇپتىمەن. باشقىلارمۇ ئويغىنىپ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى سىيلىغۇدەك بولسا قوللىرىغا يېپىشقاق بىر نەرسىلەر چاپلە- شىپتۇ. ئۇلار قورققىنىدىن ئىگىن- ئاياغلىرىنى كىيىپ، ئۇلاغ، يۈك- تاقلىرىنى تاشلاپ بەدەر قېچىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ نەرسە- كېرەكلىرى پادىچى تاز بىلەن گۈلمېھرىگە قاپتۇ.

بىر كۈنلەردە تاز گۈلمېھرىگە:

— مەن پادىشاھقا خىزمەتچى بولساممىكىن دەيمەن. چۈنكى «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەن گەپ بار. يەنە كېلىپ مەن ئىش- ئەمگەك قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئا- دەممەن. بىكار يېتىپ زېرىكىپ قالدىكەنمەن، — دەپتۇ.

— سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ قىز، ھازىر بىزنىڭ مال- دۇنيايىمىز يەتكۈچە تۇرسا، يەنە نېماند- داق جۆيلۈۋاتىسىز، بىز ھەرقانچە يەپ- ئىچىپ كىيسەكمۇ ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىپ ئاشىدۇ، — دەپتۇ. لېكىن تاز ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، ئاخىر گۈلمېھرى ئۆز ئېرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن نائىلاج قوشۇلۇپتۇ. تاز ئەتىسىدىن باشلاپ مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت- چى بولۇپ ئىشلەشكە باشلاپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن پادىچى تاز پادىشاھنىڭ ياراملىق ھەم ئىشەنچلىك خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى تاز پادىشاھنى ئۆز ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ ۋە بۇ خەۋەرنى خوتۇنى گۈلمېھرىگە ئېيتىپتۇ.



— خاتا قىپسىز، — دەپتۇ گۈلمېھرى، — پادىشاھنى چاقىرىشتىن بۇرۇن مەن بىلەن مەسلىھەتلەشمەپسىز. هېلەمۇ كېرەك يوق، مېھمانلارنى باشلاپ كېلىۋېرىڭ، — دەپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ۋەزىر، ياساۋۇللىرىنى ئېلىپ تازىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كېلىپتۇ. قىز تازا ئوخشىتىپ بىر قانچە خىل تاماق راسلاپتۇ. قىزنىڭ ئەتكەن تامىقى پادىشاھقا بەك تېتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ تاماقنى زادى كىم ئەتكەندۇ؟ بۇ تاماقلارنى ئەتكىنى چوقۇم بىر گۈزەل قىز بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ يوشۇرۇن ھالدا ئىككى ياساۋۇلنى مەخسۇس بىر جايغا يوشۇرۇپ كۆزەتتە قويۇپتۇ. ئەمما گۈلمېھرى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ پەقەت كۆرۈنمەپتۇ. پادىشاھ قايتار چېغىدا ياساۋۇللارغا:

— سىلەر بۈگۈن مۇشۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تاماق ئەتكەن ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن ئېنىق كۆرۈپ بېرىڭلار، — دەپ تاپىلاپتۇ. ئىككى ياساۋۇل يوشۇرۇن ھالدا كۆزىتىپتۇ. ئەتىسى ياساۋۇللار پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— كېچىدىن ئاجايىپ گۈزەل بىر قىز چىقتى. ئۇنى تەرىپلەشكە زادى ئاغزىم بارمايدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھېلىقى كۈندىكى تاماقنى ئەتكەن جەزمەن ئاشۇ گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىغا كىرىپتۇ. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك دېگەن ئويغا كەلگەن پادىشاھ بىر كۈنى تازنى قېشىغا چاقىرىپ:

— سەن ماڭا خىزمەت قىلغاندىن بېرى كۆڭلۈم خاتىرجەم بولۇپ، ئىشىم ئوڭغا تارتىۋاتىدۇ. ئىشىنىمەنكى سېنىڭ قولۇڭدىن خېلى ئىشلار كېلىدۇ. بۇ قېتىم مەن سېنى ناھايىتى مۇھىم بىر ۋەزىپىگە بۇيرۇماقچى. ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىساڭ سېنى ئۆزۈمنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەيمەن ۋە ساڭا نۇرغۇنلىغان ئىنئام بېرىمەن، — دەپ ئىش تاپىلاپتۇ، — مېنىڭ خوتۇنۇم قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ كېسىلىگە داۋا بولىدىغان دورا ئادەم ئايىغى تەگمەيدىغان بىر چۆلدە، تىلسىمات قىلىنغان مۇرەككەپ جايدا ئىمىش. قانداق قىلساڭ قىلىپ ئاشۇ دورىنى ئېلىپ كەل، مەن سېنى چوقۇم مۇراد - مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمەن.

تاز ئۆز مېھمانخانىسىغا كېلىپ گۈلمېھرىگە پادىشاھنىڭ تاپشۇرغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىز بۇ گەپتىن پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ ۋە:

— ئەسلىدە پادىشاھنى ئۆيگە تەكلىپ قىلمايدىغان ئىش ئىدى. بولغۇلۇق بولۇپ بولدى. مەيلى بۇمۇ تەقدىر، بارسىڭىز بېرىڭ، ئىشنى مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىڭ. سىز ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، ئىككى تاغ بىر-بىرسى بىلەن ئۈسۈشۈۋاتقان بىر جايغا بارىسىز، سىز مېنىڭ ھېلىقى ئۇچار تۇلپارىمغا مىنىپ ئىككى تاغ ئۈسۈشۈپ، شۇنداق ئايرىلىشى بىلەن تەڭ تۇلپارغا بىر قامچا ئۇرۇڭ. تۇلپار بىر سەكرىگەن پېتى ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىز يەنە ئۈچ كېچە كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر تۈپ چىنار دەرىخىنى ئۇچرىتىسىز. چىناردىكى ئالتۇن قەپەسنىڭ ئىچىدە بىر شاتۇتىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. قەپەسنىڭ يېنىدا بىر ئوقيا ئېسىقلىق. سىز قولىڭىزغا ئوقيانى ئېلىپ شاتۇتىغا چەنلەپ، ئۈچ قېتىم ئېتىڭ، ئۇ تىلسىمات قىلىنغان جاي، تىلسىماتنىڭ ئاچقۇچى شاتۇتىنىڭ جېنى، سىز شاتۇتىنى ئۈچ قېتىم ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىلسىماتنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىنى كۆرىسىز. ئەگەر شاتۇتىنى ئېتىپ ئۆلتۈرەلمىسىڭىز تاشقا ئايلىنىپ قالىسىز. شاتۇتى ئۆلۈپ تىلسىمات ئاشكارا بولغان چاغدا گۈلقەقە گۈل ياندۇرۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. گۈلقەقە ياندۇرغان گۈللەردىن نەچچە تەخسە ئېلىپ، گۈلقەقەدىن بىرنى ئېلىپ، بارغان يول بىلەن قايتىپ كەلسىڭىز بولىدۇ، بۇنى ئېسىڭىزدە مەھكەم تۇتۇڭ.

ئەتىسى ئەتىگەن پادىچى تاز تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، گۈلمېھرىنىڭ ئۇچار تۇلپارىغا مىنىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. تاز خوتۇنىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە مېڭىپ چىنار دەرىخىگە ئېسىلغان ئالتۇن قەپەستىكى شاتۇتىنى ئوقيا بىلەن چەنلەپ، بىرىنچى قېتىم ئاتقانىكەن تەگمەپتۇ، ئىككىنچى قېتىم ئاتقان بولسىمۇ ئوقيا تەگمەپتۇ. تاز بىلگىچە تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. تاز ئۈچىنچى قېتىم ئوقيانى قولىغا ئېلىپ ئاللانى ياد ئېتىپ چەنلەپ بىر ئاتقانىكەن، ئوقيا شاتۇتىغا تېگىپ ئۆلۈپتۇ. تاز ئەسلىگە كېلىپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا تىلسىمات ئاشكارا بولۇپتۇ. پادىچى تاز «خۇداغا شۈكۈر» دەپ گۈلقەقەلەرنىڭ ياندۇرغان گۈللىرىدىن بىر تەخسە، قەپەستىكى گۈلقەقەدىن بىرنى ئېلىپ، گۈلمېھرىنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. ئەتىسى ئېرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ تازنىڭ

ساق- سالامەت كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاغزىدا كۆلۈمسىرە- گەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ.

— ھەي تاز، — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپلەنگەن ھالدا، — سەن گۈلقەقە دەپ بىزنىڭ باغدىكى قۇرۇپ قالغان ئالمە- نىڭ گۈلىسىنى ئېلىپ كەپسەن، — دەپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، مەن ئۆزلىرى دېگەن گۈلقەقە- نىڭ گۈلىدىن باشقا گۈلقەقەنىڭ ئۆزىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدىم. ئىشەنمىسىلە كۆرۈپ باقسىلا دەپ گۈلقەقەنى پا- دىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ گۈلمېھرىنى قولغا چۈ- شۈرۈشى ئۈچۈن تازنى بىر ئامال قىلىپ ئۆجۈقتۇرۇش قارارىغا كەپتۇ. شۇڭا ئىشەنمىگەن بولۇپ:

— جاللات، بۇ تۆزكور مەلئۇن مېنى ئالداپ، مېنىڭ پەرمانىمنى ئىجرا قىلمىدى. بۇ جىنايىتى ئۈچۈن كونا بو- رىغا يۆگەپ كەندىر يېغى چېچىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈ- ۋېتىڭلار! — دەپتۇ. بۇ پەرمان چاقماق تېزلىكىدە گۈل- مېھرىنىڭمۇ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. گۈلمېھرى ھەش- پەش دې- گۈچە نەق مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى يىغىلغان سورۇندا، ئېرىنى كونا بورىغا يۆگەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بىردەمدىن كېيىن كونا بورىغا يۆگەلگەن ئېرىنىڭ ئۈستىگە ياغ چېچىپ ئوت يېقىپتۇ، گۈلمېھرى ئوت يالقۇنىغا ئېتىلىپ كىرىپ ئېرىنى كونا بورىنىڭ ئىچىدىن چاندۇرماستىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېرىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز مېھمانخانىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ۋە جازا مەيدا- نىدىكى خالايىقلار بۇ سېھرىي كارامەتنى بىلەلمەي قاپتۇ. پادىشاھ «تازنى كۆيۈپ ئۆلدى» دەپ ئويلاپ ياساۋۇل- لىرى بىلەن ئوردىغا قايتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن پادىشاھ ئوردىدىكى ۋەزىر- ۋۇزرا، ياساۋۇل، قاراۋۇللارنى يىغىپ گۈلمېھرىنى ئېلىش كېلىش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، تاز «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىنىچە ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ، پادىشاھ قارى- غۇدەك بولسا كۆيدۈرۈۋەتكەن تاز ساق- سالامەت تۇرغۇ- دەك، پادىشاھ بولسا ھاڭ- تاڭ قاپتۇ.

— ھەي تاز، سەن قانداق قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇل- دۇڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ، پادىچى تاز سۆزلەش- كە باشلاپتۇ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم، سىلى ماڭا ئوت يې- قىشنى بۇيرۇق قىلغان ئىدىلە. ئوت تازا كۆيۈۋاتقاندا مەن ئاجايىپ- غارايىپ كارامەتلەرنى كۆردۈم. مەن ئاجايىپ

شەھەر كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك گۈزەل باغ- بوستانلىق ۋە جەننەت مىسال گۈلشەنلەرنى كەزدىم. ئەرشىگىمۇ چىقتىم. تېخى كۆرگەنلىرىمنى بىر- بىر بايان قىلىشقا ئاغزىم بارمايدۇ. ئەگەر ئىشەنمىسىلە ئۆزلىرى ماڭا قوللان- غان ئۇسۇل بىلەن سىناپ كۆرسىلە، — دەپتۇ تاز.

پادىشاھ بۇ ئىشلارغا بەك قىزىقىپ كېتىپ، ياساۋۇل- لارغا ۋە ۋەزىر- ۋۇزرالارغا، ئوردا ئەربابلارغا مەسلىھەت سېپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان بولغاچقا، قانداق قىلىپ بۇ پادىشاھتىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا ئىكەن. شۇڭا پادىشاھنى قىزىقتۇرۇپ تاز كۆرگەن كارامەتلەرنى تېززەك كۆرۈپ كېلىشكە كۈشكۈرۈتۈپتۇ. پادىشاھ ئور- دىدىكى ياساۋۇل قاراۋۇللارغا بۇيرۇق قىلىپ:

— مېنىمۇ تازغا ئوخشاش، كونا بورىغا يۆگەپ ياغ چېچىپ ئوت قويۇڭلار! — دەپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ دې- گىنى بويىچە ئىش قىلىپتۇ. پادىشاھ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى پادىشاھنى بىر كۈن كۈ- تۈپتۇ. ئىككى كۈن كۈتۈپتۇ، ھەپتە ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ قايتىپ كەلمەپتۇ. ئارىدىن بىر ئايمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئوردا مۆتىۋەرلىرى ۋە شەھەر خەلقى تىت- تىت بولۇپ كېتىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ شەھەر تەرتىپى قا- لايمىقانلىشىشقا باشلاپتۇ. ئاخىر پادىشاھنىڭ قايتىپ كەلمە- گەنلىكىنى كۆرگەن ئوردا ئەربابلىرى ۋە شەھەر خەلقى بىر پادىشاھ سايلاشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتى بويىچە پادىشاھ ئۆلۈپ قالسا پادىشاھ سايلاش ئۈچۈن دۆلەت قۇشىنى قويۇۋېتىدىكەن. قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ كىشى پادىشاھ بولۇپ سايلىنىدى- كەن. قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۆلەت قۇشى قويۇپ بې- رىلىپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى ۋە ئوردىدىكىلەر بىر پارچە- دىن گۆشنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، قۇشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بې- شىغا قونۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ «گاھ- گاھ» دې- يىشىپتۇ. دۆلەت قۇشى ئۆلگەن پادىشاھنىڭ ھېلقى تازغا ناھاقچىلىك بىلەن ئۇۋۇال قىلنغىنىنى بىلگەندەك، پادىچى تازنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى ۋە ئوردا مۆتىۋەرلىرى تازنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزلىرى- گە پادىشاھ قىلىپ سايلىشىپتۇ، گۈلمېھرى مەلىكە بولۇپتۇ، پادىچى تاز يۇرتنى شەھەر خەلقى رازى بولغۇدەك ئادىل سوراپتۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باياشات ئۆتۈپتۇ.

(«خوتەن شەھەر خەلق چۆچەكلەر» توپلىمىدىن ئېلىندى)

# دولان مەشرەپلىرىنىڭ تەربىيەۋى رولى توغرىسىدا






باتۇر داۋۇت قۇربغار

دولان مەشرەپلىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىلىكى، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، پائالىيەت مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. دولان مەشرەپلىرى مۇكەممەللەشكەن ئەخلاقىي سورۇنى، سەنئەت خەزىنىسى، فولكلور جەمگاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى مىللىي ئۆرپ-ئادەت بىلەن تەربىيەلەيدىغان، مىللىي ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرىدىغان مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1. دولان مەشرەپلىرىدە تەرتىپلىك، ئىنتىزامچان، ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇش تەربىيەسى بېرىلىدۇ.

دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا قاتتىق، مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش تەرتىپ-ئىنتىزامى بار. شۇڭا دولان مەشرەپلىرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى بىلەن ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەچكە، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى قائىدە-تۈزۈم، كىشىلىك ئەخلاق-پەزىلەت تېخىمۇ جانلىق ئەكس ئېتىدۇ. مۇشۇنداق قاتتىق مەشرەپ ئىنتىزامى بولغاچقا، دولان مەشرىپى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالالىغان. مەشرەپ ئىنتىزامى بىر تەرەپتىن ھەر بىر مەشرەپنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىنى مەقسەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى جەمئىيەتتىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى نامايان قىلىشنى، ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەتكە خىلاپ ئىشلارنى چەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ ئىنتىزامى ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتنىڭمۇ تەرتىپ-ئىنتىزامى ۋە ياش ئەۋلادلارغا ئۆرپ-ئادەت ئۆگىتىپ، ئۇلاردا ياخشى ئەخلاق، خىسلەت يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل

تەربىيەۋى رولى دولان مەشرەپلىرىنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە،
جۈملىدىن دولان مەشرەپلىرىدە ئېيتىلىدىغان بېيىت - قو-
شاقلاردا، قىزىقارلىق ئويۇن پائالىيەتلىرىدە ئىزچىل جۇلا-
لىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، دولان مەشرەپلىرىدىن «ناماقۇل-
لۇق مەشرىپى» بىلەن «بولالىق (جازالىق) مەشرىپى»
مەشرەپ ئىنتىزامىنى ئېغىر بۇزغان ھەمدە بىرەر سەۋەنلىك
ئۆتكۈزۈپ قويغان ياكى ئەخلاققا خىلاپ ئىش قىلغان كە-
شىگە مەشرەپ جازاسى ئورنىدا ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇيدىغان
ياكى ئۇ كىشى كەمچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ يېتەر-
سىزلىكنى تۈزىتىش ئۈچۈن كېلەر قېتىم ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىدىغان مەشرەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دولانلار ئەزەلدىن ئىناق ياشاپ كەلگەن خەلق
بولۇپ، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشنى، غەمخورلۇق قىلىشنى،
ھال - ئەھۋالغا يېتىشنى جىندىن ئەزىز كۆرىدۇ. بۇ خىل
ئىنسانىي پەزىلەت «دەردمەنلەر مەشرىپى»دىمۇ ئۆز ئىپا-
دىسىنى تاپقان. «ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى»دە ئاداۋەت-
لىشىپ قالغانلار چاقىرىلىپ، بىر - بىرىنى كەچۈرۈۋېتىش
تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاداۋەتلەشكۈچىلەر ئىچىدە بۇ شەرتنى
قوبۇل قىلمىغۇچىلار ياكى كۆرۈنۈشتە قوبۇل قىلىپ، كۆڭ-
لىدە يەنە ئاداۋەت ساقلىغۇچىلار كىشىلەر تەرىپىدىن يامان
كۆرۈلىدۇ.

«كۈتۈۋېلىش مەشرىپى» بىرەر ئائىلە مول ھوسۇل
ئالغاندا، بىرەر تىجارەتتە ئالغان پايدىسى كۆپرەك بولغان-
دا، پەرزەنتلىرى چوڭ بولۇپ، ياشلار قاتارىغا قوشۇلغان-
دا، يىراقتىن ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى مېھمان
بولۇپ كەلگەندە، مەھەللىدىكى قولۇم - قوشنىلارنى چاقى-
رىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، دولانلارنىڭ مېھ-
ماندوست خاراكتېرى ئىپادىلىنىدۇ.

يەنە «قاتار مەشرەپ»نى مىسالغا ئالساق، كىشلەر
مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندىن باشقا، ھەر قېتىم يىغىل-
غاندا مەشرەپكە قاتناشقۇچىلارنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلىرى
ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىدۇ، مەسلىھەت بېرىدۇ. بىرەر بالا-
قازاغا ئۇچرىغۇچىلاردىن ھال سورايدۇ ۋە ياردەم بېرى-
دۇ، يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جازالايدۇ.

دولان مەشرەپلىرىدىكى جازا ئويۇنلىرى (ئەرزىيەت
ئويۇنلىرى)دىن «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ئويۇنىدا
كۆچلۈك مۇبالىغە ئارقىلىق مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن خو-
تۇنپەرەسلىك يامان ئادىتى ئىنكار قىلىنىدۇ، ئاياللار شەرم-
ھايالىق بولۇشقا ئۈندىلىدۇ. «جۇۋازغا قېتىش»تا،
«مەشرەپ ئەھلىنى كۆزگە ئىلماي، راۋۇرۇس ئولتۇرماي،
جامائەت ئالدىدا يېنى چىقىپ كەتكەن ئەبگار ئېشەكتەك ئې-
غىناپ، كالىدەك پۇشۇلداپ ياتقان» كىشى جازالىنىپ، ئامма-
ۋى سورۇندا ئەدەپلىك ئولتۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ؛ «ھەر
خىل جانلىقلارنى دوراش» ئويۇنىدا، مەشرەپ ئەھلىنىڭ
دىققىتىنى چېچىپ، سورۇنغا ئالاقىسىز پاراڭلارنى قىلىشىپ
ئولتۇرغانلار جازاغا بۇيرۇلسا، «سامسا يېقىش» ئويۇنىدا
كىشلەرنىڭ ئالدىدا بىر نەرسە يېگەنلەر ئەيىبلىنىپ، نەپسى
يامان بولماسلىققا دالالەت قىلىنىدۇ؛ «سۇرەتكە تارتىش»
ئويۇنىدا، «مەشرەپ سورۇننى كۆزگە ئىلماي دىمىقىنى
ئۈستۈن، كومشىرىنى تۆۋەن قىلىپ، كالپۇكىنى دوردايتىپ،
گەدىنىنى قاپاق تېرەكتەك غادايتىپ، مەشرەپنى ياراتماي،
خەلقئالەم ئالدىدا مىشقىرىپ، تۈكۈرۈپ شالىنى چېچىپ»
تۇرىدىغان «يات خۇيلۇق» كىشى ئەدەپلىنىپ، ئاممىۋى
سورۇننىڭ مۇھىتىنى قوغداش تەربىيەسى بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، دولان مەشرەپلىرىدىكى
جازا ئويۇنلىرى ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە قانۇنچىلىق تەش-
ۋىقاتىنىڭ جانلىق ۋاستىسى.

دولان مەشرەپلىرىدىكى «غاز ئۇسسۇلى»دا «غاز»
مەشرەپ سورۇنىدىكى «كېرىلىپ سەت ئولتۇرغان»،
«يېقىمسىز، غەلىتە كىينگەنلەر»، «غەمكىن ئولتۇرغان،
مۆگدەپ قالغانلار»نى چوقۇلايدۇ. «ئېگىز بولۇڭ
موللام» ئويۇنىدا ئاچ كۆزلۈك، تاماخورلۇق، «باخشى
بىلەن كېسەل» ئويۇنىدا ساداقەتسىزلىك، ھىيلىگەرلىك،
ئەخمەقلىق ئىللەتلىرى قامچىلىنىدۇ؛ «بوۋاي بىلەن
دوغۇر» ئويۇنىدا ئاتا - ئانىغا كۆيۈنۈش، ۋاپادار بولۇش
تەكىتلىنىدۇ؛ «شاھ بىلەن تاياخۇن» ئويۇنىدا سوئال - جا-
ۋابلار ئارقىلىق ھۇرۇنلۇق تەنقىدلىنىپ، ئەمگەكچان
بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئۆزىنى قەدىرلەش، جۈرئەت-
لىك، چارە - تەدبىرلىك بولۇش تەشۋىق قىلىنىدۇ؛
«قونچاق ئويۇنى»دا، «قېرى قىزنىڭ ئەر تاللاش» جەر-
يانىدىكى تۇتامسىزلىقى، شاللاقلىقى مەزمۇن قىلىنىپ، ئىج-
تىمائىي ئەخلاقتىكى ناچار ئىللەتلەرگە جانلىق ھەرىكەت
بىلەن تەنقىد بېرىدۇ.

دولان رايونىدا بىر كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدىغان
«خەت ئوقۇش ئويۇنى» دەيدىغان بىر ئويۇنمۇ داۋاملى-
شىپ كەلگەن. بۇ ئويۇندا «خەت ئوقۇغۇچى» مەشرەپ
سورۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، بېلىدىكى بەلباغنى
يېشىپ قەغەز قېتىنى ئېچىپ تۇرۇپ، ئۆزى توقۇغان ياكى
يادلىۋالغان قوشاقلىرىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. ھېچبولمىغاندا
قوشاقنىڭ سانى 100 كۇپلېتتىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى

كۆپ خىل بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ساختىپەزلىك، كازززاپلىق، سەممىيەتسىزلىك، جازانىخورلۇق، پارىخورلۇق، ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق قاتارلىقلارنى قوشاق بىلەن ئىپادىلەپ، يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ، قوشاق مەزمۇنلىرى شۇ مەھەللە ياكى شۇ يۇرتتىكى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ناھايىتى ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولىدۇ.

2. دولان مەشرەپلىرىدە، ئىجتىمائىي باراۋەرلىك ئېڭى تەكىتلىنىدۇ.

1) ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى ئېڭى

تارىختىن بۇيان دولاندا ئاياللار ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ كەلگەن. تەكلىماكان بويىدىكى دولاننىڭ مەركىزىي رايونلىرى بىر قەدەر چەت بولغاچقا، سىرتنىڭ تەسىرى ئاسانلىقچە يېتىپ كېلەلمىگەن، نەتىجىدە ئىسلامىيەتتىن كېيىن باشقا جايلاردا بولغىنىدەك، مۇزىكا، ناخشا-ئۇسسۇل چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان، شۇڭا بۇ رايوندا دولان مەشرەپلىرىدە ئەر-ئايال بىرلىكتە ئۇسسۇل ئوينايدىغان، ئەر-ئايال بىرلىكتە ساز چېلىپ مۇقام توۋلايدىغان ئادەت ساقلىنىپ قالغان.

دولان رايونىدا ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ.

مەشرەپ سورۇنىدىكى پوتا ئويۇنىدىمۇ ئاياللار ئەرلەر بىلەن پوتا ئوينىيالايدۇ ۋە ئەرلەرنىڭ بېيىتلىرىگە ماس ھالدا ھەرقانداق بېيت ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ، مۇھەببەت بېيىتلىرى ئوقۇشقا توغرا كەلسە، ئېرى خوتۇنىغا ياكى خوتۇنى ئېرىگە ئوقۇپ پوتا سالىدۇ.

دولان ئاياللىرى ئەرلەرگە ئوخشاش قاۋۇل، غەيرەتلىك كېلىدۇ. ئەرلەر قىلغان ئەمگەكنى ئوخشاشلا قىلالايدۇ. ئائىلە ئەمگىكىدىن باشقا دېھقانچىلىق ئەمگىكى، ئوتۇن توشۇش، چارۋا بېقىش قاتارلىق ئەڭ ئېغىر ئەمگەكلەردىمۇ ئەرلەرگە تەڭمۇتەڭ ياردەملىشىدۇ، قاپقان قويۇپ ئوۋ ئوۋلىيالايدۇ، ئىز ئىزدىيەلەيدۇ، چارۋىچىلارنىڭ ئاياللىرى ئوۋچىلىقتا ئەرلىرىدىنمۇ يامانراق كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەمگەك جەريانىمۇ دولان مەشرەپ ئۇسسۇلىدا ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، دولان ئۇسسۇلىدا ئەر-ئايال بىر جۈپتىن بولۇپ ئوينىلىدىغان بولغاچقا، ئايال ئەرگە ماسلىشىپ بەزىدە ئوڭ قولىنى، بەزىدە سول قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خۇددى ئەرلەرگە مەشئەل يورۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك ھەرىكەت بىلەن ئورۇنلايدۇ. ئاياللارنىڭ ئوۋغا قاتنىشىش، ئەرلەرگە ياردەم بېرىش پائالىيىتى دولان ئۇسسۇلىنىڭ چېكىتمە قىسمىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

2) تەبىقە، يەنى باي-كەمبەغەللىك پەرقى ئايرىلمايدۇ.

دولان مەشرەپ ئويۇنلىرىدا مەشرەپ تەرتىپىنى بۇزغۇچىلار، مەسىلەن، بىرى ئىجازەتسىز مەشرەپ مەيدانىدىن ئايرىلسا، كېچىكىپ قالسا ياكى نەغمە-ئۇسسۇل بولۇۋاتقاندا تەرتىپنى بۇزسا، ئەخلاققا خىلاپ ئىش-ھەرىكەت قىلسا، سەۋەبسىز مەشرەپكە كەلمىسە، ئۇنداقلار جازاغا تارتىلىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقان كىشى مەيلى ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن، مەيلى ئابرۇيلۇق مۆتىۋەر ياكى مەنسەپدار بولسۇن، مەشرەپ سورۇنىدا ھەممە كىشى باراۋەر، مەشرەپ سورۇنىدا مەشرەپ قائىدىلىرىگە يات ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىملا بولمىسۇن، ئوخشاشلا جازاغا تارتىلىدۇ.

دولان مەشرەپلىرىدىكى جازا ئويۇنلىرىدىن «ئىككى كىشىنىڭ تالىشىشى» دېگەن ئويۇندا، جازالانغۇچىلاردىن بىرى «مەن ھاكىمبەگ، مەن چوڭ» دېسە، يەنە بىرى «مەن بەگزادە، مەن چوڭ» دەپ بەس-مۇنازىرىگە چۈشۈپ ئۇرۇشىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا يەرگە بېسىشىپ، دومىلىشىپ ھالىدىن كەتكەندەك بولغاندا، مەشرەپ نازارەتچىسى كېلىپ، ئۇستۇنلۇك تالاشقانلارنى «ئىككىڭلار تەڭ» دەپ ئاجرىتىۋېتىدۇ. بۇ ئويۇن ئارقىلىق باراۋەرلىك تەكىتلىنىپ، چوڭچىلىق قىلىش، ئۇستۇنلۇك تالىشىش ئىللەتلىرى قامچىلىنىدۇ.

3. دولان مەشرەپلىرىدە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، ھايۋانلارنى قوغداش تەربىيەسى سىڭدۈرۈلگەن.

دولان مەشرەپلىرىدىكى «ئات ئۇسسۇلى»، «غاز ئۇسسۇلى»، «تۆگە ئۇسسۇلى» قاتارلىقلاردا بىر تەرەپتىن ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش جەريانى ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش، ياۋايى ھايۋانلارنى ئاسراش مەزمۇنلىرى ئەكس ئېتىدۇ.

4. دولان مەشرەپلىرى ئەۋلادلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

دولان مەشرەپلىرىنىڭ ھەرقايسى ئويۇن تۈرلىرى قاتناشقۇچىلاردىن تەن دۇرۇس، ساغلام بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆزىتىدىغان بولساق دولان مەشرەپلىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، نەچچە ئون مىڭ كىشى قاتنىشىدىغان،

ھەتتا پۈتۈن ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كۆپ سورۇنلۇق داغدۇغىلىق تۈرى بولغان «چاقپەلەك مەشرىپى»دە ئوينىلىدىغان چاقپەلەكتە ئۇچۇش ھەرىكىتى يۈرەك ۋە ئۆپكىنى چېنىقتۇرۇش، قورقۇمسىز بولۇپ يېتىلىشتە كۆرۈنەرلىك رول ئويناپدىغانلىقىنى، «چاقپەلەك مەشرىپى»دە ئوينىلىدىغان «ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى» ياش ئەۋلادلاردا باتۇرلۇق ۋە جەڭگىۋارلىق خىسلىتىنى يېتىلدۈرۈشتە تەسىرنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى بايقايمىز.

دولان مەشرەپلىرىدىكى پوتا ئويۇنى مەشرەپ ئارىلىقىدا نەغمىچىلەرنى ھاردۇرماسلىق، چالغۇلارنى سازلىۋېلىش ھەمدە مەشرەپ ئەھلىنى زېرىكتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشرەپ پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئويۇن ئاۋات ناھىيەسىدە «پوتا ئويۇنى»، مەكىت، مارالبېشى ناھىيەلىرىدە «دەررە ئويۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ. دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇسسۇل پەددىسى ئاخىرلىشىپ، ھەممە كىشى ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقاندىن كېيىن، يىگىت بېشى (مەشرەپ تەرتىپىنى باشقۇرغۇچى) تاۋار بەلباغدا ئېشىلگەن پوتىنى بىر پىيالە چاي بىلەن پەتنۇسقا ئېلىپ سورۇنغا چۈشىدۇ. ئاندىن مەقسەتنى مەشرەپ ئەھلىگە ئېھتىرام بىلەن بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى ئىختىيار قىلىپ تاللىغان ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پوتىنى تۇتۇپ بېيىت بىلەن ئويۇننىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا كەسكىن پوتا تالىشىش ئويۇنى باشلىنىدۇ. يۈزمۇيۈز تۇرغاندا پوتا تۇتقۇچىنىڭ قارشى تەرەپنى پوتا بىلەن ئۇرۇشى مەنئى قىلىنىدۇ، پەقەت ئارقىچە ياكى يانچە بولغاندىلا ئۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ. شۇڭا پوتا تۇتقۇچى قارشى تەرەپنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن ئوڭ-سولغا ئايلىنىدۇ. قارشى تەرەپمۇ شۇ يۆنىلىشتە ئايلىنىشى كېرەك. قارشى تەرەپنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇپ، بىر ۋاقىتتا ئايلىنىپ بولالمىسا ياكى خاتا ئايلىنىپ قالسا، پوتا تۇتقۇچىغا ئۇرۇش پۇرستى تۇغۇلىدۇ-دە، پوتا تالاشقۇچىنىڭ دۈمبىسىگە تېگىدۇ. پوتا تالاشقۇچى ئەپچىل، ھەرىكەتتە تېز بولسا، ئۆزىگە پوتا تەگكۈزمەيدۇ، ئەكسىچە بولغاندا تاياق يەيدۇ ھەم كۈلكىگە قالىدۇ. نەتىجىدە يا تالاشقۇچى پوتىنى تارتىۋالىدۇ، يا پوتا تۇتقۇچى ئۇتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە، پوتىنى ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. پوتىنى ئالغان كىشى يەنە باشقا بىرىنى ئويۇنغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئويۇن مۇشۇ يوسۇندا داۋام قىلىدۇ، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، دولان مەشرەپ ئويۇنلىرىدىكى پوتا ئويۇنى كومېدىيەگە ئوخشاش كۈلكە كۈچى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مۇھىمى كىشىلەردە، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلاردا بايقاش سېزىمىنى يېتىلدۈرۈشنى، ئۇلارنى ھەرىكەتتە تېز، ئەپچىل ۋە چاققان قىلىپ تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان مەشرەپلەردە ئوينىلىپ، خەلق ئىچىدە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

دولان مەشرەپلىرىدىكى جازا ئويۇنلىرىدىن بىرى بولغان «سۈرەتكە تارتىش» ئويۇنىدا، جازا ئىجرا قىلغۇچىلار ئەخلاقسىز قىلمىشى تۇتۇپېلىدىن جازاغا ئۇچرىغۇچىنى كالتە ئىشتاندىن باشقا ھەممە كىيىم-كېچەكلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا سالدۇرۇپ، ھاكالانغان تامغا دۈمبىسىنى چاپلاپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ سۇ چاچىدۇ. بۇ ئىش تاكى تامنىڭ ھەممە يېرى ھۆل بولۇپ، ئەيىبكار لاغىلداپ تىترىگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ، ئەيىبكار تامدىن ئاجرىتىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ گەۋدىسى توسۇپ تۇرغان يەردە سۇ تەگمىگەنلىكتىن ئادەمنىڭ شەكلى پەيدا بولىدۇ، بۇ رولنى ئالماقمۇ شۇنچىلىك تەس بولۇپ ۋە جاپالىق بولۇپ، بۇنىڭغا ساغلام ئادەم بولمىسا، ئاسان زۇكام تېگىپ قالىدۇ.

دولان مەشرەپ ئۇسسۇلىمۇ ئوينىغۇچىلاردىن كۈچلۈك جىسمانىي ساپا تەلەپ قىلىدۇ.

5. دولان مەشرەپلىرى ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، تەپەككۇرنى جانلاندۇرۇش، ئىجادچانلىقنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

دولان مەشرەپلىرىدە ئوقۇلىدىغان تېكىستلەرنى «مۇقام قوشاقلىرى» ۋە «پوتا (دەررە) قوشاقلىرى» دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. ھەر بىر مۇقام ياكى مۇقام بۆلەكلىرى ئۈچۈن مۇقىملىشىپ كەتكەن تېكىست يوق. مۇقامنىڭ ئېيتىلىش ئورنى، ئېيتقۇچىنىڭ كەيپىياتى ۋە مۇقامچىنىڭ بىلىدىغان قوشاق بايلىقىغا قاراپ، مۇقامنىڭ تېكىستلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئورۇندىغۇچىدىن كۆپ مىقداردىكى قوشاقلارنى يادقا بىلىشنى، ھەتتا نەق مەيداندا ئىجاد قىلىپ ئېيتىش قابىلىيىتىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

دولان مەشرىپىنىڭ پوتا ئويۇنى داۋامىدا ئارىلاپ «چاي ئۇرۇش» («چاي تۇتۇش»مۇ دېيىلىدۇ) ئويۇنىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. يىگىت بېشى يېرىم چاي قۇيۇلغان ئىككى پىيالىنى بىر پەتنۇسقا تىزىپ، مەشرەپ ئەھلىدىن كۆڭلى تارتقان بىرىگە چاي قوشاقلىرىنى ئوقۇپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن سۇنىدۇ، تەكلىپ قىلىنغۇچى ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن

تۇرۇپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، پەتنۇستىكى بىر جۈپ پىيالىنى ئېلىپ قائىدە بويىچە بىر قولىغا ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاندىن پىيالىنى قولتۇق ئاستىدىن ئارقىغا ئۆتكۈزۈپ ئايلاندۇرۇپ باش ئۈستىگە ئەپچىقىپ، بېشىدىن بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ، يەنە پىيالىنى كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا قايتۇرۇپ بېشىدىن يەنە بىر ئايلاندۇرۇپ، ئارقىدىن ئالدىغا قاراپ قولتۇق ئاستى بىلەن ئايلاندۇرۇپ دەسلەپكى ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاندىن بىر قانچە كۇپلېت بېيىت- قوشاقلار بىلەن پىيالىنى باشقا بىرىگە تۇتىدۇ، ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. ناۋادا پىيالە تۇتقۇچى چاينى چايقالدۇرۇپ تۆكۈپ قويسا ياكى پىيالىلەرنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتسە، ئۇ كىشى ئويۇننى بۇزغان ھېسابلىنىپ، «جازا»غا تارتىلىدۇ. بۇ ئويۇن دولان مەشرىپىدىكى پوتا ئويۇنىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، خاراكتېر جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ھەر ئىككىسىدە ئۆزئارا بېيىت- قوشاق ئېيتىشىدۇ.

بۇ ئويۇنلاردا ئەر- ئايال ئارىلاش ئويناۋېرىدۇ، بۇنداق چاغدا ئېيتىلغان بېيىت- قوشاقلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان مەزمۇنلاردا بولۇپ، بەزى يىگىتلەر كۆڭلىدىكى قىزغا پوتا سېلىپ ياكى چاي تۇتۇپ، بىر يۇرۇش بېيىت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى، ئۆزىنىڭ ئىپادىسى، مەقسەت- مۇددىئاسىنى تولۇق ئىپادىلەپ، دېيىدىغان گەپ- سۆزلىرىنى دەۋالايدۇ. بەزىلەر شائىرلارنىڭ مۇھەببەت غەزەللىرىدىن ئۆزىگە ياقىدىغان قىسمىدىن يادلاپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ياكى سۆيگىنىگە پوتا سالسا، بەزىلەر كۆپ ھەجىمدىكى مۇھەببەت داستانلىرىدىن نەچچە يۈز كۇپلېتنى باشتىن- ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقىپ پوتا ئوبيېكتىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈشنىڭ سىرتىدا ئۆزىنىڭ شائىرانە ئىقتىدارى بىلەن مەشرەپ ئەھلىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، يۈزلىگەن جۈپ كۆزلەرنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا دوستلۇق ھېسسىياتى ۋە مېھىر- مۇھەببىتىنى مۇۋاپىق گۈزەل بېيىتلار ئارقىلىق ئىزھار قىلىش، ئېيتىلغان بېيىت- قوشاقلارغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇش ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ مەشرەپ ئەھلىدىن بېيىت- قوشاقلارغا ماھىر بولۇپ يېتىلىشنى، يەنى يۈزلەپ بېيىت- قوشاق يادلاشنى ياكى ئىجاد قىلىشنى، بىلگەنلىرىنى مۇۋاپىق پىششىقلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەشرەپلەردە يېڭى- يېڭى بېيىت- قوشاقلار مەيدانغا كېلىدۇ، پىششىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىدۇ. بېيىت- قوشاق بىلمىگەنلەر مەشرەپكە ۋە پوتا ئويۇنىغا قاتنىشالمايدۇ. بېيىت- قوشاق بىلمىگەنلەر مەشرەپكە كىرىپ قالسا، پوتا ئويۇنىدا راسا ساۋاقدىلىپ، بىلىمسىزلىكىنىڭ كاساپىتىدىن يۈز- ئابرۇيى چۈشۈپ، سەتچىلىك بىلەن قايتىپ چىقىدۇ. بۇنداقلار «دۆت» ھېسابلىنىپ، جەمئىيەتتىمۇ ھۆرمىتى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆز جەمەتلىرىدىن بەرىسىنىڭ بىلىمسىز چوڭ بولۇپ، كۆپچىلىك ئالدىدا ئوسال ئەھۋالدا قېلىپ نومۇسقا قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئوغۇل- قىزلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپلا نۇرغۇن بېيىت- قوشاقلار، يۇمۇر- تېپىشماقلار ئۆگىتىپ بولىدۇ. پوتا ئويۇنىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن دولان رايونلىرىدا ھەممە كىشى بېيىت- قوشاقلار ئۆگىنىپ، ئەر- ئايال، چوڭ- كىچىك مەشرەپكە قاتنىشالايدۇ، بۇلار كىشىلەرنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئىجادچانلىقىنى نامايان قىلىشقا پايدىلىق پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دولان مەشرىپىنىڭ پائالىيەتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بولغىنى ــ دولان مۇقامىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. دولان ئۇسسۇلى ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە نەپىسلىكى، مۇزىكا رىتىمى بىلەن بىردەكلىكى، ئۇسسۇل مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، دولان ئۇسسۇلى كوللېكتىپ ئۇسسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇسسۇلچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ. مەشرەپ مەيدانىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە قاراپ، بىرلا ۋاقىتتا بەش- ئالتە جۈپتىن 30- 20 جۈپ ئەر- ئايال ياش- قېرى دېمەي، كىم خالىسا مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناۋېرىدۇ.

شۇڭا ئەجدادلاردىن مىراس قالغان بۇ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى زور.


پايدىلانمىلار:

① مۇھەممەد ئوسمان: «دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995- يىلى نەشرى.

② ئادىل مۇھەممەت: «قەشقەر- ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2009- يىلى نەشرى.

③ مۇتەللىپ سېيىت، مۇتەللىپ ئىسكەندەر، ئەھەد داۋۇت: «دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى» (2) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995- يىلى نەشرى.



(ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزىدە)



# خۇنخاي مازىرىدىكى توي خاتىرىسى

ئابدۇشۇكۇر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخ

ئاتا-بوۋىلىرىم ياشاپ ئۆتكەن يۇرتۇم خۇنخاي مازار غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چاپچال ناھىيەسىنىڭ چوڭ بۇغرا يېزىسى دىلمۇك تاغ باغرىدىكى خۇنخاي غولىنىڭ يۇقىرىسى، غالجاتتىن چىقىدىغان بۆدۆتى دىگەن ساي سۈيىنىڭ خۇنخاي سۈيىگە قوشۇلۇش ئېغىزىدىغا جايلاشقان بولۇپ، غۇلجا شەھىرىگە 67 كىلومېتىر، غالجاتقا تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. خۇنخاي سۈيىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ھەيۋەتلىك ھاڭ تاش بار. شۇ ھاڭ تاشنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىنىڭ خۇنخاي سۈيى ئېقىنىدىن 250 مېتىر ئېگىزلىكتە تەخمىنەن 1000 مودىن ئارتۇقراق تۈزلەڭ يەر بولۇپ، بۇ يەرگە ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە يۇسۇپ ئابابەكرى سەككاكىنىڭ مەقبەرىسى «ئالتۇنلۇق» جايلاشقان. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ئېغىزلىق ھۇجرا ئۆي ۋە ئەتراپىدا كونا قەبرىلەر بار بولۇپ، ئەنە شۇ جاي خۇنخاي مازار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مازارنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىكتە 400 تۈتۈندەك ئائىلە ئۆم-ئىناق، خۇشال-خۇرام ياشايتتى. ئابدۇرېھىم ھاجىم (ئابۇزەر خەلپەمنىڭ قېيىنئاتىسى)، غىياسىدىن ھاجىم، غوجامبىر ھاجىم، ۋاجىپ ھاجىم، نۇراخۇن شەيخ، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ئابۇزەر خەلپىتىم، خەلق قوشاقچىسى ئاۋسمان تاغام، دۇگان تاغام، مەرىپەتپەرۋەر تارىخچى ئىمىنجان باھاۋۇدۇنلار ئەھلى جامائەت مويسىپىتلار قاتارىدا دائىم ياشلارغا ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا تەلىم-تەربىيە بېرەتتى، بىر ئىشلارنى بار مەسلىھەت بىلەن قىلىشاتتى.

«بىر كىشى لوقمان ھېكىمدىن سوراپتۇ:

— سىز ئەدەپنى نەدىن ئۆگەندىڭىز؟ لوقمان ھېكىم:

— ئەدەپسىزدىن ئۆگەندىم، — دەپتۇ. ئۇ كىشى:

— قانداق كىشى ئەدەپسىزلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ؟ — دەپ سورىسا، لوقمان ھېكىم:

— ئورۇنسىز سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى زېرىكتۈرىدىغان، بەتقىلىق ئادەتلىرى بىلەن كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان، ئۆزىنى كۆرستىش ئۈچۈن يوقىلاڭ پەتىۋالارنى توقۇپ چىقىدىغان، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال، ياش-قېرى ئوتتۇرىسىدا شەرم-هايانى بىلمەيدىغان، چوڭلارنىڭ ئالدىدىن سالامسىز ئۆتىدىغان، سەن دەپ سىزلەشنى بىلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە ‹هە...›لا دەپ قويۇپ ئىززەت قىلمايدىغان كىشىلەر ئەدەپسىزلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ... — دەپتۇ».

بۇ يۇرتتا ئوغلى 12 ياشتىن ئاشقاندا ئاتىسى 30 ئوغۇلغا مەشرەپ بېرىپ:

— مەن ئاتا بولدۇم، ئۆزۈمنىڭ ئىزباسارىنى 30 ئوغۇلغا تاپشۇردۇم، — دەپ ئوغلىنى ئەلگە تاپشۇرىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئۇ ئوغۇل مەشرەپكە قوشۇلۇپ ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-تۈزۈم ئۆگىنىپ، مەرد، سىلىق-سىپايە ئەر بولۇپ چىقاتتى. توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى 30 ئوغۇلنىڭ سەركىسى «يىگىت بېشى» باشقۇراتتى.

1949-يىلى ئەخمەتجان قاسىمى ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىن بىلەن شەرقىي بەش ناھىيەنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، موڭغۇلكۈرە سەپىرىدىن قايتىشىدا خۇنخايدىن ئۆتۈپ خۇنخاي ئوتتۇرا مەكتىپىنى (بۇ مەكتەپ 1929-يىلى ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ باشلامچىلىقى ۋە كۆچ چىقىرىشى بىلەن قۇرۇلغان) كۆزدىن كەچۈرگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ زېرەكلىكى ۋە ئېسىل ئەدەپ-ئەخلاقىدىن سۆيۈنۈپ:

— رەھمەت سىلەرگە! رەھمەت، ياخشى ئوقۇغۇچىلار، بەخت ئالدىڭلاردا. بۇ يۇرتتىن، بۇ مەكتەپتىن نۇرغۇن بىلىملىك كىشىلەر يېتىشىپ چىققان. مانا بۇ ئابدۇرېشىت ئىمىنمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان، — دېگەنىدى.

بۇ يۇرتتا ئوغۇل ئۆيلەپ، قىز چىقىرىشتا ئاۋۋال ئائىلە ئەزالىرى مەسلىھەتلىشىپ، كۆڭۈل تارتقان يۇرت چوڭلىرى بىلەن بىرلىكتە كېلەتتى. ئاندىن ئوغۇل تەرەپ بىر كىشىنى تاللاپ ئەلچىلىككە ئەۋەتەتتى. قۇدا بولغۇچىلار قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن قىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئېلىق-سىلىق سېلىپ، توي كۈنىنى بېكىتىپ بېرەتتى. تويدىن بىر كۈن بۇرۇن ھەر ئىككى تەرەپ يۇرتقا مەسلىھەت چاي بېرەتتى. توي مېلىنى ماڭدۇرغاندا، چاچقۇلارنى چېچىپ ئاق يول تىلەيتتى. بۇ ۋاقىتتا 30 ئوغۇل داپ چېلىپ مۇنداق ئۆلەن ئېيتىپ ماڭاتتى:

ئەي... ئاۋۋاللەي... ئەي باشلاۋەي،
ئا.... خۇدايىمنى ياد ئېتىلى.
ئەي، ... پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى،
ئەي، شات ئەيتىلى... ئەي، يارەي...

قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە مالنى ئەكىرگىچە، قىسقا سورۇن تۈزۈلۈپ، مۇنداق ئۆلەن ئېيتىلاتتى (چوڭلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى):

ئاي-هاي يۆلەن، ئاي يۆلەن،
گۈل قايدا بار يارى-يار.
بىر ياخشىغا بىر يامان،
ھەر جايدا بار يارى-يار.
ئاي-هاي يۆلەن ئاي يۆلەن،
مەن نە قىلاي يارى-يار.
قارچىغىدەك بويلىرىڭنى،
پارە قىلاي يارى-يار.



013

بۇ چاغدا قىز ئېگىلىرى ئۆيدىن ئۈچ پەتنۇس كەمپۈت ئېلىپ چىقىپ چاچقۇ چاچاتتى. مالنى كىرگۈزەتتى، يەنە چوڭلارنىڭ داپ ئۇسسۇلى باشلىنىپ كېتەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە تاماقتىن بۇرۇن نىكاھ ئوقۇلاتتى. نىكاھ ئوقۇلغاندا يىگىتنىڭ ئايغىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بىر جاۋۇر سۇ قويۇپ قويۇلاتتى. بۇ ئارقىلىق كۈيۈئوغۇلنىڭ زېرەك، چېۋەرلىكىنى سىنىماق بولاتتى. ئەگەر كۈيۈئوغۇل نىكاھتىن قايتقاندا چېۋەرلىك بىلەن جاۋۇرغا پۇتلاشماي ئۆتۈپ كەتسە چوڭلارنىڭ نەزەرىدە بۇ كۈيۈئوغۇل زېرەك، چېۋەركەن دەپ قارىلاتتى. بولمىسا «كالامپاي يىگىت»كەن دەپ قارىلاتتى.

نىكاھ ئوقۇلغان كۈنى، 30 ئوغۇل يىگىت قولىدىشىنىڭ ئۆيىدە ساز چېلىپ تاماشا قىلاتتى. كېيىن قىز ئولتۇرغۇزۇلغان ئۆيگە بېرىپ دۇتار-تەمبۇر چېلىپ ئۇسسۇل ئوينىشاتتى. پوتا سېلىش ئويۇنى بولاتتى. پوتا سېلىش ئويۇنى مۇنداق ئوينىلاتتى. يىگىت ياكى قىز پوتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كۆڭلى تارتقان يىگىتنىڭ (ياكى قىزنىڭ) ئىسمىنى چاقىراتتى. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغا روبىرو بولاتتى. ئۇلار ئۆزئارا قول قوۋۇشتۇرۇپ ئېگىشىپ سالام بېرىشەتتى. قىز يىگىتكە قاراپ مۇنداق بېيىت ئېيتاتتى:

ئېگىز - ئېگىز دۆڭلەردىن،
سىيرىلدىم تۈزگە.
خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ،
خۇشتارمەن سىزگە.
خۇشتارلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

يىگىت ھەشقاللا دەپ سالام بېرىپ تۇرۇپ پوتىنى قىزنىڭ قولىدىن ئېلىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇيتتى:

ئاققىنە كۆڭلەك كىيىپسىز،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
كۆككىنە كۆڭلەك كىيىپسىز،
كۆك تىكەنلەر ئىلمىسۇن.

ئىككىمىز ئاشىق بولايلى،
ئۆيدىكىلەر تۇيمىسۇن.
ئۆيدىكىلەر تۇيسا-تۇيسۇن،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

قىيقاس-چۇقان ئىچىدە قىز يىگىتكە سالام بېرىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇيتتى:

ئۈنچىنى مارجانغا تىزدىم،
چىن سالا بولايىن دەپ.
چىن كۆڭلۈمنى سىزگە بەردىم،
مېھرىبان بولايىن دەپ.
مېھرىباندۇر ئۆزلىرى،
شېرىن-شېكەر سۆزلىرى.
مەن بۇنداق بولماس ئىدىم،
ئوتقا سالغان ئۆزلىرى.

يىگىت سالام بېرىپ قىزدىن پوتىنى ئېلىپ مۇنداق بېيىت ئېيتاتتى:

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا،
قارا-ئالا چېپار تاش.
كۆيدۈرىسىز-ئۆچۈرىسىز،
زالىم قارا قاش.

قارا-قارا قاشلىرىڭغا،
قەلەم يۈگۈرتەي،
بۇ سورۇندا ئېيتقىنىڭنى،
قانداق ئۇنۇتاي.

قىز-يىگىت ئەنە شۇنداق بېيىت ئېيتىشىپ، باشتا بىر-بىرسىگە، ئاندىن كۆپچىلىككە ئېگىشىپ سالام بېرىپ خوش ئېيتىشاتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن توي كىرگۈزىمىز دەپ ساندۇق، بوپا كۆتۈرگەن يىگىتلەر (ئاياللارمۇ بار) قىزنىڭ ئۆيىگە كىرەتتى. ھويلىغا كىرىشنىڭ ئالدىدا مەھەللىنىڭ بالىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئارقان بىلەن توسۇۋېلىپ، يوللۇق پۇل ئالاتتى. توي كىرگۈزگىلى بارغانلارغا قىز تەرەپنىڭ يېقىنلىرى «ئاق يول بولسۇن» دەپ ئۈن چىچىپ ئالقىش ياغدۇراتتى.

تويلۇق بوپىسىنى قىزىقچى، سۆزمەن، چىرايلىق بىر ئايال ئاچاتتى. ئۇ ئايال كۆپچىلىككە قاراپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپ كۆپچىلىكنى كۈلدۈرەتتى.

بوپا ئاچتىم كۆرۈڭلار،

ئارتۇق- كامنى سېلىڭلار،
نېرى، بېرىسىنى سۇرۇشتۇرمەي،
بارىنى يىغىپ ئېلىڭلار.
توي كىرگۈزۈپ كەلگەن يىگىتلەرمۇ داپ چېلىپ، بېيت ئوقۇپ قىزىقچىلىق قىلاتتى:
ئاپتۇۋىغا سۇ قۇيسام، ئىللىمايدۇ،
قىز ئانىسى ئۆگەيمىكىن، يىغلىمايدۇ.
قىز ئانىسمۇ قىزىقچىلىق ئىچىدە مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇيتتى:
مەن بالامنى بەرمەيتتىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ئاقچىسىنى ئالمايتتىم، ۋاي بالام، ۋاي، بالام،
مەن بالامدىن ئايرىلدىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
قانىتىمدىن قايرىلدىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
قىز ئانىسى «رەسمىيەت يىغىسى»نى ئەنە شۇنداق قوشاقلار بىلەن تۈگىتەتتى.

ئېسىل ئۆرپ- ئادەتلەرگە يۇغۇرۇلغان مەرىكىلەردە باش قوشقان قىز- يىگىتلەرنىڭ بىر- بىرىگە مېھرى ئۆتۈپ شۇ بىر نىكاھ بىلەن بالا- چاقىلىق بولۇپ بەختلىك ياشاپ ئۆتەتتى.

بوپا ئېچىلغان كۈنى كەچقۇرۇنى ئوغۇل تەرەپ سازەندىلەرنى ئېلىپ قىز تەرەپكە بېرىپ ساز چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئۇلارغا ئويۇن - تاماشا قىلىپ بېرەتتى، ئاخىردا ئوغۇل تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

— قۇدىلار، ئاكىلار، تاڭمۇ ئېتىپ قالدى، ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق، قىزىمىزغا دۇئا بېرىپ ئۇزىتىپ قويساڭلار دەپ بىر نەچچە قېتىم تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، قىز تەرەپ دۇئا بېرىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قوياتتى، بۇ رەسمىيەتلەر «تاغ مەلىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

قىز تەرەپكە بارغانلار قايتىپ كەلگۈچە يىگىت تەرەپ ئۇماچ ياكى شوۋىگۈرۈچ تاماق قىلىپ تەق بولۇپ تۇراتتى. بۇ «پوتلۇق ئاش» دېيىلەتتى. قازان بېشىغا بىر تەكىينى قويۇپ يىگىتنىڭ ئانىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئېغىزىنى بىر لۆڭگىدە تېڭىپ ئاشنى ئۇسسۇغۇزاتتى. بۇ ھالەت «كېلىن كەلدى، يۇمشاق ئولتۇرۇپ، ئېغىزىڭنى يۇم» دېگەنلىك بولاتتى.

قىز كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن، يىگىتلەر كۈيئوغۇل يىگىتنىڭ بويىنىنى ياغلىق بىلەن چىگىپ قىزنى يەشتۈرگۈزۈپ قىزىقچىلىق قىلاتتى.

تويىنىڭ ئەتىسى ئوغۇل تەرەپ «چىللاق» ئۆتكۈزۈپ، كېلىن قىزنى سالامغا چاقىراتتى.

قىز يەڭگىسى: — كېلىن سالامغا كەلدى! ئاللا يولىدا! — دەپ توۋلايتتى.

چوڭلاردىن بىرسى: — ئاللا يار بولسۇن! — دەيتتى.

قىز يەڭگىسى: — كېلىن سالامغا كەلدى! پەيغەمبەرلەر ھەققىدە!

چوڭلاردىن بىرسى: — پەيغەمبەرلەر يار بولسۇن!

قىز يەڭگىسى: — كېلىن سالامغا كەلدى! چاھاريارلار ھەققىدە!

چوڭلاردىن بىرسى: — چاھاريارلار يار بولسۇن!

قىز يەڭگىسى: — كېلىن سالامغا كەلدى ! بوۋىسى بىلەن مومىسىغا!

چوڭلاردىن بىرسى: — بوۋىسى بىلەن مومىسىدەك ياشىسۇن!

قىز يەڭگىسى: — كېلىن سالامغا كەلدى ئاتىسى بىلەن ئانىسىغا!

چوڭلاردىن بىرسى: — ئاتىسى بىلەن ئانىسىغا ئوخشاش پۇتى راۋان، قولى چاققان، ئاغزى يۇمشاق بولسۇن!

قىز يەڭگىسى: — كېلىن سالامغا كەلدى! ئولتۇرغان چوڭ- كىچىك ھەممىلىرىگە!

چوڭلاردىن بىرسى: — بارلىق چوڭلارغا سالام بېرىپ ھۆرمەتلىسۇن! كىچىكلەرنى ئىززەتلىسۇن! ئۆمرى ئۇزاق بولۇپ، ئالدى بالا - چاقىلىق، كەينى مال جانلىق بولسۇن! — دېيىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشەتتى.

قىز ئۆيىدىكىلەر كۈيئوغۇلنىمۇ ئەنە شۇنداق چىللاققا چاقىرىپ، شۇ يوسۇندا تەربىيە قىلاتتى. دۇئادىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ:

— كېلىن ئاغىچا ھۇجرىمىزدا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن، يەرگە سالىدىغان تېكىمەت، تامغا ئاسىدىغان گىلەم... بەرسە دەپ تىلەيدۇ — دەيتتى.

قىز تەرەپ (قېيىنئانا): — بىزنىڭ قاققان قوزۇق، تۈگكەن تۈگۈنچىكلىرىمىز سىزلەردىن ئايالانسۇن! — دەپ مېھمانلارنى ئۇزىتىشاتتى. كەچقۇرۇن قىز ئوغۇلنىڭ

تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تىلەك تىلەيتتى. ئوغۇل قىزنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تىلەك تىلەيتتى، بۇ ئادەتلەر ھازىرقى ھەشەم بىلەن بولىدىغان «چىللاق» ئادەتلىرىگە ئوخشمايدۇ.

خۇنخايدىكى توي ئادەتلىرىدە سىرتقا قىز بېرىش (چاپچال خۇنخاي مازاردىن باشقا ھەرقانداق جاي بىلەن قۇدىلىشىش سىرت بىلەن تويلىشىش دەپ قارىلىدۇ)دە مۇنداق رەسمىيەتلەر بار:

توي كۈنى ئوغۇل تەرەپنىڭ يىگىتلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرى بىر كىلومېتىر يىراقتا تۇرۇپ ساقلايدۇ. ئوغۇل تەرەپ يىگىتلىرى يېتىپ كېلىپ ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرى ئوغۇل تەرەپكە پۇل قويۇلغان پەتنۇسنى سوۋغا قىلىپ سۇنىدۇ، ئوغۇل تەرەپ پەتنۇسنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن پۇل قوشۇپ پەتنۇسنى قايتۇرىدۇ. پۇل قويۇلغان پەتنۇسنى سوۋغا قىلىش، پۇل ئۈستىگە پۇل قوشۇپ پەتنۇسنى قايتۇرۇش رەسمىيىتى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىپ، يىگىتلەرمۇ مەھەللىگە يېتىۋالىدۇ. مەھەللىگە يېقىن جايدا سورۇن راسلاپ، بىر تۇياق قوي، ماي-گۆرۈچ، يەل-يېمىشلەر بىلەن بەلگىلەنگەن ئۆيدە مەرىكە قىلىپ بېرىدۇ. مەرىكىنىڭ ھەممە چىقىمىنى ئوغۇل تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئوقۇرمەنلىرىمىز دەرھال ھېس قىلالايدۇكى، يۇقىرىقىدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىغا يات خاھىشلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قېلىشى مەيلى ئاتا-ئانىلارنىڭ، مەيلى قىز-يىگىتلەرنىڭ سەۋەنلىكى بولسۇن بۇ بىزدىكى ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنىڭ ئېتىباردىن قېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

توي مەرىكە دېگەنلەرنى ئىقتىسادسىز (چىقىمسىز) ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، بىراق بىزنىڭ ئىلگىرىكى توي-مەرىكىلىرىمىز پەقەت پۇلنىلا چىقىش قىلغانمىدۇ؟ بىزنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز پەقەت (سېنىڭدىن مەن قالىمەنمۇ؟)، (ئۇ ئېسىل، بۇ پەس) دېگۈچىلەر ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ كەلگەنمىدى؟ ياق!. مىڭلىغان ئاز سانلىقلار ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق رەسمىيەت يىللارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ يۇقىرى-تۆۋەن خەلققە ئادەت بولۇپ سىڭەلمەيدۇ. ئەجابا، كېيىنكى زامانلاردا باش كۆتۈرگەن قۇدىلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرسىنى ياراتماسلىق خاھىشىنىڭ، يىلدىن-يىلغا يۇقىرىلاپ كېتىۋاتقان توي سېلىقىنىڭ پەقەت پۇلى بارلارلا لايىقى بىلەن تويلىشالايدىغان ئەھۋالىنىڭ، ھەتتا پۇلنىڭ كۈچى بىلەن قىزلار سىرتقا ئېقىپ كېتىپ پۇلى يوق يىگىتلەر خوتۇنسىز يۈرىدىغان ھالەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشى دەل يۇقىرىقى كۆز قارىشىمىزنى رەت قىلغان ھالدا ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزگە پۇلنىڭ ئالدىنقى ئۆلچەم قىلىنىپ قېلىشتەك غەيرىي ھالەتنىڭ ئادەتلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن بۇ ئىشلارنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەن چوڭلىرىمىزدىن جاغىستايلىق تاھىر ئىمامنىڭ ئايالى خۇشەم ئايىم ئانا جاغىستايدىن قىز ئالىدىغان شەھەرلىكلەرنىڭ ئېلىق-سېلىق مەرىكىسىگە قاتنىشىپ «ئاق»، «ئانىلىق»، «سۈت ھەققى» توغرىسىدا خۇددى مال سودىسىدەك تالىشىۋاتقىنىغا چىداپ تۇرالماي بۇ ئىشقا ئارىلاشقان (تاھىر ئىمام ئائىلىسى جاغىستايدا ناھايىتى ئابرۇيلۇق ئىدى). ئۇ قىز تەرەپنىڭ سېلىق تىزىمىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ: «مۇنۇ بولىدۇ، مۇنۇ بولمايدۇ» دەپ ئۆزگەرتىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېگەنىدى: «خۇش قېرىنداشلار، بىز نېمىنى دېسەك شەھەرلىكلەر شۇنى ئېلىپ چىقىدۇ، چۈنكى بىزدىن قىز ئېلىۋاتىدۇ. بىراق بىزنىڭ ياراملىق ئوغۇل چوڭ قىلغان كەمبەغەل ئاتا-ئانىلىرىمىز بالىلىرىنى ئۆيلىيەلمەي، ئوغۇللار بويتاق، قىزلىرىمىز سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئاددىي-ساددا ئۆرپ-ئادىتىمىزنى بۇزمايلى !»

ئەمما ھەممىلا ئادەم بىر كۈن ئىچىدە خۇشەم ئايىم ئانا بىلەن ئوخشاش قاراشقا كېلىپ ئېسىل ئادەتلىرىمىزگە قايتىپ كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

كېيىنچە خۇنخاي مازاردىكى توي مەرىكىلىرىدە مۇنداق بىر ئادەت مېنى باشقىچە ئويغا سېلىپ قويغانىدى. يەنى قىز تەرەپ «توي سېلىقى» ئوقۇۋاتقاندا ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان يىگىت ئانىسى (ياكى دادىسى)نى ئىككەيلەن كېلىپ يېقىلىپ قالمىسۇن دەپ يۆلەپ تۇرۇۋالىدىكەن. يەنە تويدىن كېيىن خەلق ئىچىدە ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى توي ئېغىر كېلىپ ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ، دېگەن سۆز-چۆچەك تارقىلىپ كېتىدىكەن.

(ئاپتور: غۇلجا شەھەر ئازات يولى 11 - كوچا 15 - قورۇ)




**شاك يەنبىن**

**ئابلەت نۇردۇن** تەرجىمىسى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى ۋە خەنزۇچە خاتىرىلەر بىر قەدەر كەمچىل بولغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال مەنبەسى بولالايدۇ. نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى تەتقىق قىلىنغان خەنزۇچە ماتېرىياللار بىر قەدەر تولۇق، تۆۋەندە ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللار ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشتىن بۇرۇن ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلگەن، ۋەسىقىلەر بىر قەدەر كۆپ خاتىرىلەنگەن يېزىق بولۇپ، 13-ئەسىردىن 15-ئەسىرگىچە ئالتۇن ئوردا خانلىقى، تېمۇرلار ئىمپېرىيەسى ۋە

چاغاتاي خانلىقلىرىدا ھۆكۈمەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلار بۇ خىل يېزىقنى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان بولۇپ، كېيىنچە موڭغۇللار ۋە مانجۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، تەدرىجىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ھازىرقى زاماندىكى موڭغۇل ۋە مانجۇ يېزىقلىرىغا ئۆزگەرگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللارنى غەيرىي دىنىي (ئىجتىمائىي) ھۆججەتلەر ۋە مەڭگۈ تاش ۋەسىقىلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار بۇ ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى كەڭ تۈردە تەتقىق قىلدى ۋە كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

1) ئالدىنقىلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللار توغرىسىدىكى تەتقىقاتى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چەت ئەللەرنىڭ ئارخېئولوگىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ قېزىش ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئالىملاردىن گرۈنۋېدېل (Grunwedel)، لېكوك (Lecoq)، كېلېمېنتىز (kllemeH)، روبوروۋسكىي (ĪAK)، ئولدېنبۇرگ قاتارلىقلار بار. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۇرپاننىڭ ئىدىقۇت شەھىرى ۋە كۇچا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دەھرىي ھۆججەتلەرنى توپلاپ چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن سىرت چاررۇسىيەنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كروتوۋمۇ شىنجاڭدىن بىر قىسىم ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ھۆججەتلەر ئادەم ئېلىپ سېتىش توختامى، ئىجارە توختامى ۋە يەر ئالسات توختامى، باج ـ سېلىق، ھاشار ھەمدە ئىقتىسادقا ئائىت تۈرلۈك خاتىرە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، دىنىي مەدەنىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئىزچىل ھالدا مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنىڭ رەتلەپ شەرھ بېرىشى ھەمدە تەتقىق قىلىشىدىكى مۇھىم نۇقتا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئېقىپ يۈرگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى يىغىش، بولۇپمۇ تېخى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنمىغان غەيرىي دىنىي (ئىجتىمائىي) ھۆججەتلەرنى نۇقتىلىق ئىزدەش؛ يەنە بىرى، ئېلگىرى ئېلان قىلىنغان ھۆججەتلەرنىڭ يەشمىسى، شەرھ ۋە تەرجىمىلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش.

ھەممىدىن ئاۋۋال قەدىمكى ئۇيغۇرچە دەھرىي ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغان كىشى رۇسىيەلىك مەشھۇر تۈركولوگ رادلوف (1837 ــ 1918، Radloff). ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مالوف (]B) 1928 C.E) Mao [FT5NDA ــ يىلى تولۇقلانغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر توپلىمى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابقا چەت ئەللەردە ئېقىپ يۈرگەن 128 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە قانۇن ھۆججەتلىرى، بۇددا دىنى ئۇزۇندىلىرى، مانى دىنى ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر بار.

مالوف 1904 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا رادلوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈركولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «قەدىمكى تۈرك ۋەسىقىلىرى» بولۇپ، بۇ كىتابقا يەر ئىجارىگە بېرىش ـ ئىجارىگە ئېلىش، نەرسىلەر (ئۈزۈمزارلىق، پاختا، رەخت، ئۆسۈملۈك مېيى)نى نېسى قەرز ئېلىش، قۇل ـ دېدەك سېتىش توختامى قاتارلىقلارغا ئائىت ھۆججەتلەر ۋە مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تىلاۋەتنامىلىرى، خىرىستىيان دىنىدىكى «ئىلمىي نۇجۇمچىلارنىڭ ئىبادەتلىرى» ھەمدە بۇددا دىنىدىكى «ئالتۇن يارۇغ»نىڭ ئۈزۈندىلىرى بار.

مۇشۇ ئەسىر (20 ـ ئەسىر)نىڭ 40 ـ يىللىرىدا بېرنىشتام ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلىرى» («تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق مەسىلىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 15 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن، لېنىنگراد، 1940 ـ يىل) دېگەن ماقالىسىدە: «قەدىمكى

ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى تارىخي ماتېرىياللار قاتارىدا كۆرۈش كېرەك» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ «قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تارىخىدىن تېزىسلار» (ئالمۇئاتا 1951 ـ يىل) دېگەن ئەسىرىنىڭ 8 ـ بابىنى ئاساسىي جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ كىتابىدا ئاساسلىقى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئەمەل تۈزۈمى، يەر تۈزۈمى، دېھقانچىلىقى، چارۋىچىلىقى، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكى، سودا ئىشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان. كىبروۋ، تىخونوفلار (Д.И.Тихонов) قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ، 10 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. كىبروۋنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىدىن «13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى» («سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى قىرغىزىستان شۆبىسىنىڭ ئاخباراتى»غا بېسىلغان. فرونزى 1950 ـ يىل)، «13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قۇل مەسىلىسى توغرىسىدا»، («سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى قىرغىزىستان شۆبىسى تىل، ئەدەبىيات، تارىخ تەتقىقات ئورنى ئەسەرلىرى توپلىمى»غا بېسىلغان، 3 ـ توم، فرونزى) قاتارلىقلار بار. تىخونوفنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرىدىن: «ئۇيغۇر ئېلىدىكى باج ـ سېلىقلار ۋە باج ـ سېلىقلارنىڭ ناملىرى» («سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى مەجمۇئەسى»گە بېسىلغان، 16 ـ توم، 1958 ـ يىلى) «13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى» («قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، 1 ـ توم، 1959 ـ يىلى)، «10 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» (موسكۋا ــ لېنىنگراد، 1966 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مالياۋكىننىڭ «13 ـ ئەسىردىكى تۇرپان ئۇيغۇر خانلىقى»غا بېسىلغان (15 ـ توم، 1962 ـ يىل) دېگەن ماقالىسى بار.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى تېنىشېۋ بىلەن مەملىكىتىمىز ئالىمى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بىرلىكتە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «بىنتۇگىنىڭ ئۆزىنى سېتىش ھۆججىتىدىن ئۈچ خەت»» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1958 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان)نى ئېلان قىلدى، ماقالىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى قۇل ئېلىپ سېتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىق قىلىنغان بىر نەچچە پارچە پايدىلىنىش كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. دېمترىيۋا قاتارلىق كىشىلەر بىرلىكتە «ئاسىيا مىللەتلىرى تەتقىقات يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان تۈركچە قول يازما ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (1 ـ بۆلۈم، موسكۋا لېنىنگراد، 1965 ـ يىل، 2 ـ بۆلۈم، موسكۋا، 1975 ـ يىل)نى تۈزدى. 70 ـ يىللاردىن بۇيان، تۇگۇشېۋا قەدىمكى ئۇيغۇرچە دىنىي ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، جەمئىيەت ئىقتىسادىغا ئائىت ماقالىلەرنى يازدى. مەسىلەن، «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەر ئىچىدىكى 8 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ۋەسىقىلەر» («ئاسىيا ـ ئافرىقا مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان) دېگەن ماقالىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان 50 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئوخشاشلا ياپونىيەلىك ئالىملارنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا مورى ماسائو ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئۈزۈمزارلىقنى ساتقانلىق ھەققىدىكى بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت» («شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1960 ـ يىللىق 42 ~ 44 ـ سانلىرىغا بېسىلغان)،

«قەرز بېرىشكە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت»،
(«غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى»نىڭ 1961 ـ
يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان) قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي
ماقالىلىرى بار. يامادا نوبۇئومۇ «قۇل ۋە ئاسراندى
ئوغۇل توغرىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت»
(«ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ تەتقىقات ژۇر-
نىلى» 1972 ـ يىل مارت)، «ئۈچ پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر-
چە قۇل سېتىش توختامى» («ياپونىيە تارىخ تەتقىقاتى»غا
بېسىلغان. 1968 ـ يىل، 27) ھەمدە «ئوتانى ئېكسپېدىتسى-
يە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئېلىم-بېرىم
ھۆججىتى» («غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»نىڭ 4 ـ
سانىغا بېسىلغان) قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى. بۇ ئىقتىساد-
قا دائىر ھۆججەتلەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەگىلىكى، يەر تۈزۈمى، ھاشار تۈ-
زۈمى، ئېلىم-بېرىم مۇناسىۋىتى ھەمدە كۈندىلىك
تۇرمۇش ئەھۋالىنى ھەققىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ
بەرگەن.

ۋېنگرىيەلىك تۈركولوگ لىگېتىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ
1960 ـ يىللىرىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى ئىچى-
دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا چېتىل-
دىغان ماقالىلىرىدىن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەن-
زۇچە-ئۇيغۇرچە ترانسكرىپسىيە» («ئورال-ئالتاي
ئىلمىي ژۇرنىلى» 1961 ـ يىللىق 33 ـ سانىغا بېسىلغان)،
«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر پارچە قەدىمكى ئۇي-
غۇرچە ۋەسىقە توغرىسىدا» («شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇر-
نىلى» 1973 ـ يىل، 27 ـ توم. 1 ـ سانىغا بېسىلغان) قاتارلىق-
لار بار.

گېرمانىيەلىك گرۇنۋېدېل بىلەن لېكوك مۇشۇ ئە-
سىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە 84
پارچە ۋەسىقىنى ئېلىپ كەتكەن. لېكوكنىڭ مۇھىم تەتقى-
قات نەتىجىلىرىدىن «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر-
چە قول يازمىلار» (بۇداپىشت، 1918 ـ يىل) ۋە «ئۇيغۇر-
چە ۋەسىقىلەر توغرىسىدا» («شەرق تىللىرى تەتقىقات
دوكلاتى»غا بېسىلغان، 1919 ـ يىل) لار بار. گېرمانىيەدە
ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىق قىلىن-
غان ئەسەرلەردىن مۇللېر (F.W.K.Muller) نىڭ «قەدىمكى
ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 4 ـ توم (بېرلىن، 1908 ـ، 1931 ـ
يىللار)، بانگ بىلەن گاباڭىننىڭ «تۈركچە تۇرپان تېكىست-
لىرى» 6 ـ توم قاتارلىقلار بار. گېرمانىيەدە قەدىمكى ئۇي-
غۇرچە ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلغان داڭلىق ئالىملارنىڭ
بىرى پېتىر زىمېنىڭ (P.zieme) «مورتۇقتىن تېپىلغان قە-
دىمكى ئۇيغۇرچە يەر توختامى» («قەدىمكى شەرق تەتقى-
قاتى»نىڭ 11 ـ توم 1 ـ سانىغا بېسىلغان، 1974 ـ يىل) «قە-
دىمكى ئۇيغۇرچە قەرز ئېلىش-بېرىش توختامى» («قە-
دىمكى شەرق تەتقىقاتى»غا بېسىلغان. 7 ـ سان، 1980 ـ
يىل)، «ئىدىقۇت خانلىقىدىكى سودا-سېتىققا ئائىت قەدىم-
كى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» («قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى»-
غا بېسىلغان، 4 ـ سان، 1976 ـ يىل) قاتارلىق ئەسەرلەر
بار.

گاباڭىن 1973 ـ يىلى « 9 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردىكى قوچۇ
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (« 13 im Das leben
Jahrhun dert uigurischen k nigreich von Q o im9»
ۋېيسبادېن. 1973 ـ يىل) دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.
ئۇ مەزكۇر كىتابىدا تۇرپاندىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى
قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ، 9 ـ ئەسىر-
دىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇرلار رايون-
نىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى شەرھلەپ بەرگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدى-
كى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ۋەسىقىلەر
تەتقىقاتى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشى ئامېرىكىلىق
كلارك (clark) بولۇپ، ئۇ 1975 ـ يىلى « 13 ـ، 14 ـ ئە-
سىرلەردىكى شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە غەيرىي
دىنىي (ئىجتىمائىي ھۆججەتلەر) ۋەسىقىلەرگە كىرىش»
دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈردى. كلارك كۆپلىگەن قە-
دىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى، تىل
ئالاھىدىلىكى، تارىخىي ماتېرىياللىقى ۋە ھۆججەتلەردە
تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناس-
ۋەتنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چىقارغان خۇلاسىسىدە،
ئۆزى تەتقىق قىلغان 141 پارچە ۋەسىقىنىڭ 110 پارچىس-
نىڭ 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى
جەزملەشتۈردى.

ئالسېن (T.T.ALLDEN) يېقىنقى يىللاردىن بېرى
بىر قەدەر جانلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئالىم. ئۇ 1978 ـ
يىلى يازدا ئۆتكۈزۈلگەن « 10 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى

شەرقىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەت
تارىخ مۇھاكىمە يىغىنى»غا « 13 ـ ئەسىردىكى يۈەن سۇلا ـ
لىسى ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار» (« turfan the yuan
(« in the13thcentury dynastyand the uighurs of
ناملىق ماقالىسىنى سۇندى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى روسسابى
(morris rossabi) باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن
« 10 ـ 14 ـ ئەسىرلەردىكى جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى»
kingdom its neighbors, 10th − 14th centuries «)
the middle«) كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،
1983 ـ يىل) غا بېسىلغان.

2) تارىخىي ماتېرىياللار

**1. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر**

لى جىڭۋېي ئەپەندىنىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيـ ـ
غۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما»
(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1966 ـ يىلى نەشرى) دېگەن
ئەسىرىگە 19 ـ ئەسىردىن بۇيان مەملىكىتىمىز ئىچى ـ سىر ـ
تىدىكى ئالىملار ئېلان قىلغان 200 پارچە قەدىمكى ئۇيـ ـ
غۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللاپ
چىققان 108 پارچە ھۆججەت كىرگۈزۈلگەن، بۇلارنىڭ
مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى شۇ يەردىكى، تۇرپاـ ـ
ندىن تېپىلغان، لېكىن چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمـ ـ
كى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر تۇنجى
قېتىم توپلىنىپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، بۇ تىلشۇـ ـ
ناسلىق ساھەسى ۋە تارىخشۇناسلىق ساھەسىگە نىسبەتەن
ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانا،
مۇزېي، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىـ ـ
رىدىمۇ بىر تۈركۈم يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەـ ـ
دىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ساقـ ـ
لانغان. ئۇلار:

(1) «ئاتى (阿体) نىڭ قۇل (شەنبىن) سېتىپ قۇل
سېتىۋالغۇچىغا يېزىپ بەرگەن ۋاقىتلىق تىل خېتى»

بۇ بىر پارچە ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرما قىلىپ
يېزىلغان توختام ھۆججىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى
14cm، كەڭلىكى 20cm. بۇ ھۆججەتنى غەربىي شىمال
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1953 ـ
يىلى قىشتا شىنجاڭ تۇرپاندىن يىغىۋالغان. 1958 ـ يىلى
فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئاـ ـ
لىمى تېنشېف ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلدى.

(2) «ئاتىنىڭ (阿体) قۇل سېتىۋالغۇچىغا يېزىپ
بەرگەن رەسمىي تىلخېتى»

بۇ تىلخەتنىڭ كەڭلىكى 46cm، ئۇزۇنلۇقى 26cm
بولۇپ، تىلخەتنىڭ ئارقا تەرەپ ئوڭ ئاستى بۇرجىكىگە
石耳元武文善 دېگەن يەتتە خەنزۇچە خەت يېزىلغان،
ئەسلىي نۇسخىسىنى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقـ ـ
لىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1953 ـ يىلى قىشتا تۇرپاندىن
يىغىۋالغان. 1958 ـ يىلى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئالىم تېنشېف بۇ ۋەسىقىنى ھەمكارلىـ ـ
شىپ تەتقىق قىلدى («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» ـ
نىڭ 1958 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان).

(3) «شۆساي تايىشىنىڭ قۇل سېتىۋالغاندىن كېيىن
يېزىپ بەرگەن رەسمىي تىلخېتى»

ھازىر بېيجىڭ تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسلىي
ھۆججەتنىڭ ئېگىزلىكى 39cm، كەڭلىكى 43cm بولۇپ،
بىر بەت، جەمئىي 19 قۇر خەت بار، ئۇيغۇرچە تېز يازما
شەكلىدە يېزىلغان. بۇ ۋەسىقىنى غەربىي شىمال مەدەنىـ ـ
يەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1953 ـ يىلى
قىشتا تۇرپاندىن قولىغا چۈشۈرگەن. 1958 ـ يىلى فېڭ
جياشېڭ ئەپەندى بىلەن تېنشېف بۇ ھۆججەتنى ھەمكارلىـ ـ
شىپ تەتقىق قىلغان. 1978 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى
بۇ ھۆججەتنى قايتا تەتقىق قىلىپ، فېڭ جياشېڭنىڭ
ترانسكرىپسىيەلەش ۋە تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش قاتارـ ـ
لىق جەھەتلەردىكى بىر قىسىم خاتالىقلىرىنى تۈزەتتى.
(گېڭ شىمىن: «ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختامـ ـ
نىڭ يەشمىسى»گە قارالسۇن، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنسـ ـ
تىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1978 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېـ ـ
سىلغان).

(4) «تىكۇي تايىسىنىڭ قۇل سېتىش تىلخېتى»

بۇ ھۆججەتنى 1953 ـ يىلى قىشتا غەربىي شىمال مەـ ـ
دەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپاندىن
قولىغا چۈشۈرگەن. ئەسلىي ھۆججەتنىڭ ئېگىزلىكى 13cm،
كەڭلىكى 11cm، بىر ۋاراق ئىككى بەت، جەمئىي ئون
قۇر، ئالدىنقى بېتىدە توققۇز قۇر، كېيىنكى بېتىدە بىر قۇر

خەت بار. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تېز يازما شەكلىدە يېزىلغان. 1960 ـ يىلى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختامنىڭ ئىككى خىلى» («مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»نىڭ 1960 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان) دېگەن ماقالىسىدە، بۇ ۋەسىقىنى ترانسكرىپسىيەلىدى، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى ۋە ئىزاھلىدى. 1978 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى «ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختامنىڭ يەشمىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھۆججەتنى قايتىدىن تەتقىق قىلدى.

(5) «ئوتاكى تايسى بىلەن ساۋۇساي ئوتتۇرىسىدىكى تىلخەت»

بۇ ھۆججەتنى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1953 ـ يىلى تۇرپاندىن يىغىۋالغان. بۇ ھۆججەت ئىككى قىسمىغا بۆلۈنىدۇ: سەككىز قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت، ئالتە قۇر خەنزۇچە خەت بار. 1960 ـ يىلى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىككى خىل توختام» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھۆججەتنى تەتقىق قىلدى.

(6) تۆت پارچە «يەم ـ بوغۇز ئالۋىڭى يارلىقى»

بۇ تۆت پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە 1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسلىي ۋەسىقىنىڭ ئېگىزلىكى 12cm ـ 13، كەڭلىكى 8cm ـ 9 سانتىمېتىر. يىل دەۋرى ئۇزاق بولغانلىقتىن خەتلىرى ئۆچۈپ تونۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن. ھەر بىر پارچە ھۆججەتكە بىردىن ـ ئىككىنچە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك تامغا بېسىلغان. ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تېز يازما شەكلىدە يېزىلغان. خەت شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ ھۆججەتلەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. 1980 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانىدا «بىر نەچچە پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىسىنىڭ يەشمىسى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، بۇ تۆت پارچە ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنى تەتقىق قىلدى.

**2. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ۋەسىقىلىرى**

ئاۋرېل ستەيىن (Aurel stein) مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنخۇاڭدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن بىر تۈركۈم ۋەسىقىلەرنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر جىلدلىق ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمى بار بولۇپ، جەمئىي 948 كۇپلېت شېئىر بار. ھازىر بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيى («british museum»)دا ساقلانماقتا. نومۇرى [ 108] or8212، شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 193، كەڭلىكى 147mm بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئۇسلۇبىدا تۈپلەنگەن. قەغىزى ئاق ھەم نېپىز بولۇپ، ياخشى ساقلانغان. 1 ـ كۇپلېت شېئىرنىڭ كەينىدىن بۇددىزمغا ئائىت پەلسەپىۋى نەسر بېرىلگەن، تېمىسى «ئەقىل ـ ئىدراك ئۆگىتىش» (نېمىسچە buch das die bewsstseims natur lehrende غا ئاساسەن قايتا تەرجىمە قىلىنغان) بولۇپ، ئاخىرقى خاتىمىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋاپشى باخشى (vapshi baqshi) ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئەسىرى ئىكەن.

تۈركىيەلىك ئالىم ئارات (R.R.arat)(1965 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ستەيىن بۇلاپ ئېلىپ كەتكەن شېئىرلارنى تەتقىق قىلغان مەخسۇس ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. شېئىرلار توپلىمىدىكى 1 ـ كۇپلېتنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن بۇددىزم مەزمۇنىدىكى پەلسەپىۋى نەسر 1940 ـ يىلىلا ئېلان قىلىنغاندى.

پېللىئوت رەتلىگەن 4521 ـ نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە (pell iot ـ Uigur1254) دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەت بولۇپ، ھازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانا (nationale paris bibliotheque)دا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى نەپەر بۇددا ئەۋلىياسى سادابىرارۇدىتا (sadprarudita) ۋە تاتاگاتۇ (dharmod g ata) بۇدساتۋا (bodhisa ttva)لار توغرۇلۇق ھېكايە بار. بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىش ئىزلىرى «پارامىتا قىسسەلىرى» (paramita pranjna)دا كۆرۈلىدۇ. يېزىق ئۇسلۇبىدىن بۇ ھۆججەتنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

1968 ـ يىلى سىناشى تېكىن (sinasi tekin) ستەيىن نومۇر سالغان 108 [ or8212] ۋە pelliot – uigur4521 نومۇرلۇق ئىككى پارچە ۋەسىقە توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى تاماملاپ، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى

ئۇيغۇرچە بۇددىزم ۋەسىقىلىرى» (بۇ ماقالە «ئاسىيا تەتقىقاتى»غا بېسىلغان. 69 ـ توم ۋىيسبادىن)نى ئېلان قىلدى.

**3. ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاش ۋەسىقىلىرى**

(1) «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇجۇ يولى دارۇغاچىنىڭ نەسەب ئابىدىسى»

بۇ ئابىدە 1962 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن شەھرىدە بايقالغان. ھازىر جيۇچۈەن شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى 2.36m، كەڭلىكى تەخمىنەن 0.91m، كېيىن شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبلىك، بۇ ئابىدە ئىككىگە پارچىلىۋېتىلگەن بولۇپ، ھەر بىر پارچىسىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 0.45m كېلىدۇ. ئابىدە تېكىستى قەدىمكى خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 23 قۇر خەنزۇچە خەت، 32 قۇر ئۇيغۇرچە خەت بار. بۇ ئابىدە يۈەن شۈندىنىڭ 21 ـ يىلى (1361 ـ يىلى) تىكلەنگەن. بۇ ئابىدىنى بىر تاڭغۇت دەرۋىش تىكلىگەن. 1944 ـ يىلى شيالىڭ دا ئەپەندى «غەربكە يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ئابىدىنى توغرا ھەم تەپسىلي شەرھلىگەن. 1979 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تىكلەنگەن سۇجۇ يولىنىڭ ئىككى دارۇغاچىنىڭ نەسەب ئابىدىسىنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭ يەشمىسى» («مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1979 ـ يىللىق 1 ـ سان) دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

(2) «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا تۈزۈلگەن ۋېنشۇ ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى»

ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋېنشۇشەن تاش ئۆڭكۈرىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى 1.24m، كەڭلىكى 0.74m كېلىدۇ. ئابىدىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى قىسمى ئۆچۈپ كەتكەن. ئالدى يۈزىدە جەمئىي 26 قۇر خەنزۇچە خەت بار بولۇپ، نەسرىي شەكلىدە يېزىلغان. ھەر بىر قۇردا 52 تال خەت بار. كەينى يۈزىدە 26 قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت بار بولۇپ، قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان، بۇ ئابىدىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە قىسمىنىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى تەيدىڭنىڭ 3 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شاھزادە نەنداشى تىكلىدى» دېگەنلەرگە ئاساسلىنىپ، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ مىلادىيە 1326 ـ يىلى تىكلەنگەنلىكىنى، تىكلىگۈچىنىڭ شاھزادە نەنداشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئابىدە «قايتا تۈزۈلگەن سۇجۇ يېڭى تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنمىغان. جاڭ ۋېي ئۆزىنىڭ «لۇڭيۇ تاش پۈتۈكلىرى»دە تۇنجى قېتىم بۇ ئابىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسمىنى تىلغا ئالغان. بىراق ئۇ بۇ يېزىقنى موڭغۇل يېزىقى دەپ خاتا تونۇۋالغان، 1986 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى جاڭ باۋيۇ بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ ئابىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسمىنى تەتقىق قىلىپ، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹قايتىدىن تۈزۈلگەن ۋېنشۇ ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى›نىڭ دەسلەپكى يەشمىسى» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىل 2 ـ سان)نى ئېلان قىلدى.

(3) «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»

بۇ ئابىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخى توغرىسىدىكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ بىر تارىخىي قىسسە بولۇپ، بارچۇق ئارتتېكىن ئىدىقۇتتىن باشلاپ ئاسايىش تېكىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتقىچە بولغان قوچۇ خانلىرىنىڭ نەسەبى خاتىرىلەنگەن. 1933 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا 30 چاقىرىم كېلىدىغان شىبىيگۇ جىلغىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان، ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇ ۋېي ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ كەڭلىكى 173cm، قېلىنلىقى 47cm، ئېگىزلىكى 182cm بولۇپ، ئابىدە تېكىستى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىلغان. خەنزۇچە بۆلىكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە شىڭشۇ خەت شەكلىدە يېزىلغان. جەمئىي 36 قۇر، ھەر قۇردا 90 خەت بار (ھازىر پەقەت ئاستىنقى يېرىمىدا 40 لا خەت ساقلىنىپ قالغان)، ئابىدىدىكى خەنزۇچە تېكىستنىڭ مەزمۇنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسەرلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ، ئەمما ماۋزۇسى ۋە خاتىرىلىنىشى ئوخشىمايدۇ، يۈجى «داۋيۈەن ئۆزۈندىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەڭگۈ تاشنى «قوچۇ خانلىرىنىڭ مەڭگۈ تېشى» دەپ ئاتىغان، «ۋۇۋېي ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە «ئىدىقۇت قوچۇ

خانلىرىنىڭ تۇھپە ئابىدىسى» دە خاتىرىلەنگەن.

بۇ ئابىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستى خەنزۇچە تېكستكە ئوخشاش ئۈستىدىن - ئاستىغا تىك يېزىلماستىن، ئاۋۋال تاشنىڭ يۈزىنى ئون كاتەكچىگە بۆلۈپ، ھەر بىر كاتەكچىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە سولدىن ئوڭغا تىك ھالەتتە يېزىلغان. ئۇيغۇرچە ئابىدە تېكستىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى 61 كۇپلېت شېئىردىن تەركىب تاپقان. بۇ شېئىرلار ئاساسەن تۆت قۇر بويىچە تىزىلغان ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ باش قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان. ئابىدىدىكى خەت شەكلى روشەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. 1964 - يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى مەزكۇر ئابىدىنىڭ خەنزۇچە قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە سېلىشتۇرۇپ تۈزەتتى ھەمدە تۇنجى قېتىم مەزكۇر ئابىدىنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭ رەسىمىنى ئېلان قىلدى. 1980 - يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى ئابىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسمىنى تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىپ، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە (ئىدىقۇت قوچۇ خانلىرىنىڭ تۇھپە ئابىدىسى) توغرىسىدا تەتقىقات»، («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 - يىلى 4 - سان) دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. 1984 - يىلى قاھار بارات بىلەن ليۇ يىڭشېڭ «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىرىنىڭ تۇھپە مەڭگۈ تېشىنى سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىش ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقات» دېگەن ماقالىنى يېزىپ (نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس سانى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» 8 - سانىغا بېسىلغان) مەزكۇر ئابىدىنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنى قايتا تەتقىق قىلدى.

## 2. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئائىت خاتىرىلەر ئىنتايىن پارچە - پۇرات بولۇپ، رەسمىي تارىخ، ئەسەرلەر توپلىمى، خاتىرە، يەرلىك تەزكىرە، تاش پۈتۈك ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز.

(1) ئاساسىي تارىخىي ماتېرىياللار (رەسمىي تارىخ، ئەسەرلەر توپلىمى)

1. مىڭ سۇڭلىيەن قاتارلىقلار «يۈەن سۇلالىسى تارىخى». بۇ يۈەن سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ 124، 125، 126، 128، 130، 131، 133، 134، 135، 137، 141، 144، 145، 193، 195 ــ جىلدلىرىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تابىن، قارايىغاچ بۇيرۇق، تاتاتوڭا، بۇرۇلقايا، ليەن شىشيەن، ئىلقايا، ئارغۇن سالى، ئەلتېمىش، بايجاب، ھېسامىدىن، تولوشىگان، سانجىش، شايبان، تاڭ رىنزۇ، كارو ناداس، سەۋىنچ توخرىن، تېكەچۇق، ئۆگرۈنچ قايا، ئېلى قايا، تۆرۈ قايا، چاغان تېمۇر، سەۋىنچ قايا، دارما، داۋتۇلۇڭ، ليەن خۇيشەن قايا، قارا بۇقا، بايان بۇقا تېكىن، چولپان سالى، پولو تۆمۈر، بۇرى ياتۇن قاتارلىق 30 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ تەرجىمھالى بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل تۇتۇش پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىكى ھەرقايسى پادىشاھلار ھەققىدىكى خاتىرىلەردە ئۇيغۇرلار رايونىغا ئائىت ئەھۋاللار پارچە - پۇرات خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

2. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى»، تولۇق ئاتىلىشى «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇقەددەس قانۇن - تۈزۈملىرى» جەمئىي 60 جىلد. مەزكۇر كىتابنىڭ بىر قىسمى يۈەن سۇلالىسىنىڭ يارلىق ھۆججەتلىرى توپلىمى بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىنى كونكرېت، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار رايونىغا چېتىلىدىغان ماتېرىياللاردىن «ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنىڭ تەرتىپى» («يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى» 30 جىلد، «شىغاۋۇل پىرقىسى Ⅲ . يوسۇن تۈزۈمى Ⅲ . دەپنە يوسۇنى»)، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل كېڭشى» (دادېنىڭ 5 - يىلى)، «قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئەل كېڭشى» (خۇاڭچىڭنىڭ 2 - يىلى)، («يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى. زىندان پىرقىسى جىلدى (15) . شىكايەت»). بۇ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر

لار رايونىدىكى ئەرز - شىكايەت تەرتىپى ۋە دەپنە ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

3. «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۈرنەكلەر» جەمئىي 22 جىلد، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرى»گە ئوخشاشلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن- پەرمان، ھۆججەتلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، بۇ كىتابنىڭ 4- جىلد «تۇتۇن پەرمانى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي- بىساتلىرى. تۇتۇن پەرمانىنىڭ ئۆلچىمى» ئۇيغۇرلار رايونىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە قانۇن مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

4. سۇ تيەنجۆ تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى داڭلىق ۋەزىرلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن قىسقىچە بايان»، جەمئىي 15 جىلد. بۇ كىتابنىڭ 7- جىلدى «ۋازارەت مۇئەككىلى ليەن شىشيەن» ئۇيغۇر ليەن شىشيەننىڭ ئەمەل تۇتۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال، مەزكۇر كىتابتىن باشقا سۇ تيەنجۆ يەنە «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» ۋە «زىنشى يازمىلىرى»نى تۈزگەن، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى»غا «خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى ــ شېنداۋنىڭ ئابىدىسى» («بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» 59- جىلد) كىرگۈزۈلگەن، «زىنشى يازمىلىرى»غا «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەرھۇم كېڭەشبەگ، دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى، فەنياڭ تۆرىسى مەرتىۋىسى بېرىلگەن ۋۇگۇڭ تۆرىنىڭ ئابىدىسى» (15- جىلد)، «قوچۇلۇق شيې جەمەتىگە بېغىشلانغان سەنجىتاڭ خاتىرىسىنىڭ داۋامى» (30- جىلد)، «ياڭگۇجۇ يولىدىكى شۆتيەن خاتىرىسى» (2- جىلد) قاتارلىق ئابىدە تېكىستلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

5. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يوللىغ چۇسەي يازغان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى». يوللىغ چۇسەي 1218- يىلى چىڭگىزخاننىڭ پەرمانى بىلەن قۇرۇلۇن دەرياسى (كەلۇرەن دەرياسى) بويىدىكى ئوردىغا كەلگەن، كېيىنكى يىلى باھاردا چىڭگىزخاننىڭ چوڭ قوشۇنىغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان، 1225- يىلى شەرققە قايتىپ كەتكۈچە، غەربىي يۇرتتا يەتتە يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغان. بۇ كىتابتا مۇئەللىپنىڭ كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرى ھەققىي خاتىرىلەنگەچكە، قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللار ساقلانغان. ئۇنىڭدا ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەھۋالى، قۇز ئوردۇ (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماق شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بۇرانا قەدىمقى شەھىرى)، تالاس (قازاقىستاننىڭ جامبۇل شەھىرى)، پاپ (نەمەنگاننىڭ غەربىدىكى pap دېگەن يەر)، كاسان (بۈگۈنكى نەمەنگاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى Kasan دېگەن يەر)، كايبادام (kaibadam) (بۈگۈنكى لېنىنئابادتىكى ئوترار (ھازىرقى قازاقىستاندىكى زىمور) قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن، مۇئەللىپ ئۆزى دائىم تۇرىدىغان سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى پاساھەتلىك، ئىنچىكە خاتىرىلەپ، ماۋارەئۇننەھر رايونىنىڭ ئۆرپ- ئادەت ۋە گۈزەل مەنزىرىلىرىنى جانلىق سۈرەتلىگەن.

6. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لى جىچاڭ يازغان «ئەۋلىيا چيۇچۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى». ئەۋلىيا چيۇ چۇجى چىڭگىزخاننىڭ پەرمانى بويىچە، شىنجى يىلى (1221- يىلى) باھارنىڭ 2- ئېيىدا شۈەندېدىن ئايرىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن غەربكە ئىلگىرىلەپ، 2- يىلى ماۋارەئۇننەھر رايونىغا يېتىپ كەلگەن، گۇۋېي يىلى (1223- يىلى) 8- ئايدا شۈەندېغا قايتىپ كەلگەن، لى جىچاڭ ئەۋلىيا چيۇچۇجىنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۇستازىغا ئەگىشىپ غەربكە ساياھەتكە بارغان. ئۆزى تاغ- داۋانلاردىن ئېشىپ، مول تەسىراتقا ئېرىشىپ، مىلادىيە 1228- يىلىنىڭ بېشىدا مەزكۇر كىتابنى يېزىپ تاماملىغان، بۇ كىتاب 13- ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىگىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، ئۆرپ- ئادىتى، دىنىي مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەمچىلىكىنى تولۇقلىدى.

7. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يوللىغ چۇسەي يازغان «جەنرەن ئىستىقامەتچىسى ئەسەرلىرى توپلىمى».

يوللىغ چۇسەي غەربىي يۇرتتا ئالتە يىل تۇرغان، خېلى كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ، غەربىي يۇرتنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى مەدھىيەلىگەن. مەسىلەن، «رېنۇۇ يىلىدىكى غەربىي يۇرت ۋە ماۋارەئۇننەھردىكى

باھار سەيلىسىدىن ئون نەزمە» (4-جىلد) «غەربىي يۇرت كىشىلىرى ئەجدادلىرىنىڭ ھاراق ئىچىشىش ئويۇنىغا ئاتاپ تامغا ئويۇلغان خاتىرە» (4-جىلد) ۋە «غەربىي يۇرت ۋە ماۋارەئۇننەھردىكى ئون كۆي» (6-جىلد) قاتارلىقلار، بۇ شېئىرلار بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى توغرىسىدا يېتەرلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

8. جېڭ يۈەنيۇ يازغان «چياۋۋۇ توپلىمى» جەمئىي 13 جىلد. مەزكۇر كىتابقا «يېڭجاڭ يولىنىڭ سابىق باش بۇغى داۋتۇگىنى سېغىنىش ئابىدىسى» (1-جىلد) «دېڭىز — تىرانسپورت نويان مەھكىمىسى خېتاڭ تۆرە بېگىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» (11-جىلد) ھەم «جياڭشى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى ئۇلۇغ، سول مەھكىمىسىنىڭ كاتاۋۇلى قوچۇلۇق پۇداشلىغا ئاتاپ تىكلەنگەن قەبرە ئابىدىسى» (12-جىلد) كىرگۈزۈلگەن، بۇ ئابىدىلەر ئۇيغۇرلاردىن قاسان، داۋتۇلۇغ، پۇداشلىنىڭ ئەمەل تۇتۇش ئەھۋالى ۋە پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

9. «شېنجەي توپلىمى» 15 جىلد، لىۇ يۆشېن تۈزگەن. مەزكۇر كىتابتىمۇ ئۇيغۇرلارغا دائىر نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار ساقلانغان. ئالايلۇق «شىجۇاڭ دورغىسىنى ئاستانىگە ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» (2-جىلد)، «جياڭشىنىڭ مۇشاۋىرى تۆرە بەگ لىيەن شىشيەن بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلار» (4-جىلد)، «ئۇچ پەيت ئالتە ئاي خاتىرىسى» (6-جىلد)، «كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى» (6-جىلد) قاتارلىقلارنىڭ تۇمۇر بۇقانىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن قىممىتى بار.

10. «ۋەنجەي توپلىمى» ئون جىلد، گۇڭ شىتەي تۈزگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۇلۇغ قول ۋەزىر قۇتلۇق بۇقانى ئاستانىگە ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» (6-جىلد)، «باش خوجىدار شىگتۇگىنىڭ شىمالدىن قايتقانلىقىغا ئاتاپ» (ئالتىنچى جىلد) ۋە «تەيتىشبەگ خۋا جونپىينىڭ ئىبىتقانلىرى» (8-جىلد) ئىچكىرىگە كۆچۈپ ئەمەل تۇتقان ئۇيغۇر قۇتلۇق بۇقانى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇ توغرۇلۇق مەلۇمات يوق.

11. يۇ جىنىڭ «داۋيۈەن ئۇزۇندىلىرى»دىكى «جىڭجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى لۇ مىڭشەننىڭ تۆھپە ئابىدەسى» (43-جىلد). «دىيانەتلىك تۆرە شىرى قارانىڭ تۆھپە ئابىدىسى» (42-جىلد)، جېڭ يۈنىڭ «شىشەن توپلىمى»دىكى «شيۈنىڭ ناھىيەسىنىڭ دارۇغاچى ئېسەن توين تۆرىنى سېغىنىش ئابىدىسى» (6-جىلد)، يۇداۋ يۈەنىنىڭ «بىكارچىلىقتا يازغان قولىيازمىلار»دىكى «سابىق كۈگزىچى، شىلاڭ يېزىسىنىڭ دورغىسى يانلى تۇمۇرنى سېغىنىشقا بېغىشلاپ» (16-جىلد) قاتارلىق ئابىدىلەر لۇمىڭشەن، شىرى قارا، ئېسەن توين، يانلى تۇمۇر قاتارلىقلارنىڭ تۆھپىسى ۋە ئەمەل تۇتۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

12. «كورىيە تارىخى» 139 جىلد، چاۋشيەن لى جەمەتى خانىدانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن جېڭ لىنجى تۈزگەن، 1451-يىلى تاماملانغان، مەزكۇر كىتابتا جۇڭگونىڭ «رەسمىي تارىخ»لىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى ئۆرنەك قىلىنىپ، چاۋشيەن تارىخىدىكى كورىيە خانىدانلىقىنىڭ 474-يىللىق تارىخى خاتىرىلەنگەن. كىتابنىڭ 112-جىلدىدىكى «شىي سۈننىڭ تەرجىمىھالى»دا شىي بەيلياۋسۈننىڭ كورىيەگە كىرىپ ئولتۇراقلىشىش جەريانى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ كورىيە بىلەن يۈەن، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئوينىغان رولىنى تەتقىق قىلىشنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

13. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى نەسەب جەدۋىلى» چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چيەن داشىن (1728—1804) تۈزگەن. مۇئەللىپ ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەتى ۋە جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئاساسلىق ئەمەللىرى توغرىسىدا نەسەب بويىچە بىر-بىرلەپ توختالغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

14. «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلارغا ئائىت ماتېرىياللار كاتالوگى» چېن گاۋخۇا رەتلەپ تۈزگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار بىر قەدەر پارچە-پۇرات ھەم بەزى توپلاملارنىڭ قىممىتى بولسىمۇ تېپىش قىيىن بولغانلىقتىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى بۇ ماتېرىياللار توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتاب تارىخىي ماتېرىياللار

يىلنامىسى، شەخسلەر تەرجىمھالى، پارچە- پۇرات ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللار، باشقا مۇندەرىجە ئۇندىكىسى قاتارلىق تۆت قىسمغا بۆلۈنگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»، «چىڭگىزخاننىڭ زەپەرنامىسى»، «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى»، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرى»، «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر»، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى»، «كېيىنكى يىلى تۈزۈلگەن غەيرىي رەسمىي تارىخ»، «سۇڭ شۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى»، «چيۇجيەن توپلىمى»، «شۆلۈ توپلىمى»، «گۆيجەي ئەسەرلەر توپلىمى»، «دايۈەن ئۇزۇندىلىرى»، «شىتيەن توپلىمى»، «جىن خۇخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى»، «زىشى يازمىلىرى»، «سۇن فۇجەي ئەسەرلەر توپلىمى»، «جۇگېئەن توپلىمى»، «جىجىلىڭ توپلىمى»، «گۇيتاڭدىكى پارچە- پۇرات قول يازمىلار»، «ۋېي تەيىۇ ئەسەرلىرى توپلىمى»، «سۇڭ ۋېنشيەن ھەزرەتنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى»، «لۇگىشى تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى»، «چيەنيەنتاڭدىكى تاش- پۈتۈك يازمىلىرىغا ئىلاۋە»، «چاڭ شيەنجىن تاش ئابىدىسى»، «كورىيە تارىخى»، «جياڭدۇڭ يازمىلىرى»، «تۆرە بەگ ۋۇ ۋېنجېنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» قاتارلىقلار جەمئىي 28 خىل تارىخىي كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىيال كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممىتى يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ توپلىمىدۇر.

(2) تاش پۈتۈك ماتېرىياللىرى

تاش پۈتۈك ئابىدىلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللار ساقلانغان. يالڭ شيۈەن تۈزگەن «جۇرۇڭ تاش پۈتۈك خاتىرىسى»گە شىي جىدۇنىڭ «كۆكزى تەلىماتىنى پىششىقلاش خاتىرىسى»، رۇەن يۈەننىڭ «جېجياڭ — جياڭسۇ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى»دىكى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گوەن يۈەنشى قاتارلىقلارنىڭ تۇگېيۈەنگوەنگە ئويغان نەزمىلىرى» ۋە «فۇجيەن تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى»دىكى «شىي يۈلەنىڭ رۇيشياگىيەندە يازغان نەزمىلىرى» كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىشەنچلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خۇاڭ رۇينىڭ «تەيجۇ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن «تەيجۇ يولىدىكى قايتىدىن تۈزۈلگەن تيەنجى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى»دە پادىشاھ شۇندى زامانىسىدا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان تېلى تۆمۈرنىڭ قوچۇلۇق ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ ھەقتە مەلۇمات يوق. چيەن داشىننىڭ «چيەنتاڭدىكى تاش پۈتۈك يازمىلىرىغا ئىلاۋە» ۋە «فۇجيەن تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى»دىمۇ ئايرىم- ئايرىم ھالدا «جىدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۆدەيچىسى تارماشىرىننىڭ قەبرە تەزكىرىسى» (19- جىلد) ۋە «ساداقەتمەن تۆرە باۋگېنى سېغىنىش ئابىدىسى» ساقلانغان. بۇ ماتېرىياللارمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل تۇتۇش پائالىيىتى ۋە تۆھپىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

(3) يەرلىك تەزكىرە ماتېرىياللىرى

يەرلىك تەزكىرىلەرمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بىرى، لېكىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىدىن چەتتە قالغان. دۆلىتىمىزدە ھازىر ساقلىنىۋاتقان يەرلىك تەزكىرىلەر ئىنتايىن كۆپ، مۇئەللىپ تۆۋەندە مۇشۇ كىتابتا ئاساسلىق نەقىل ئېلىنغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەرلىك تەزكىرىلەرنى تونۇشتۇرىدۇ.

1. «جىجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن كۇنشەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ئالتە جىلد بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يالڭ خۇي تۈزگەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇنشەن ئايمىقىنىڭ مەركىزى ھازىرقى جياڭسۇدىكى تەيسالڭ. بۇ كىتابنىڭ 2- جىلد «مەشھۇر ئەمەلدار»دا ئۇيغۇر بازىلانىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر بار.

2. «جىشۇن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىنجياڭ تەزكىرىسى» 21 جىلد، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يۇ شىلۇ تۈزگەن. بۇ كىتابنىڭ 3- جىلدى «ئۆرپ - ئادەت. نوپۇس»، 16- جىلد، «ئاسىيلارنى قەتلى قىلىش»، 17- جىلدى «مەھكىمىلەر»دە چەت جايدا ئولتۇراقلاشقان

ياكى جىنجياڭدا ئەمەل تۇتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت تە-
ۋەلىكى، ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى ئايرىم- ئايرىم ناھايىتى
ئېنىق بايان قىلىنغان بولۇپ، باشقا تارىخي كىتابلاردىكى
كەملىكنى تولۇقلايدۇ.

3. «شىجىن تەزكىرىسى» يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە
ئۆتكەن شيۇڭ مېڭشياڭ تۈزگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ
چوڭ ئاستانىسى (ھازىرقى بېيجىڭ) بۇرۇن «شىجىن»
دەپ ئاتىلاتتى، شۇڭلاشقا بۇ كىتاب ھازىرقى بېيجىڭ را-
يونىنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر بۇرۇن خاتىرىلەنگەن
مەخسۇس تەزكىرە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ «مەشھۇر ئەمەل-
دارلار» قىسمىدا ليەن شىشيەن، ئېلى قايا قاتارلىق ئۇيغ-
ۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار ساقلانغان. ئەپسۇسكى مەزكۇر
كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يوقاپ كەتكەن، نۆۋەتتە
بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى شەن بېنزۇ ئالدىنقىلارنىڭ تەت-
قىقاتى ئاساسىدا «يۇڭلې قامۇسى» قاتارلىق قەدىمكى كى-
تابلاردىن بۇ كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى رەتلەپ
«شىجىن تەزكىرىسىنىڭ يوقىلىپ كەتكەن توپلىمى»
دېگەن نام بىلەن رەتلەپ چىقتى، بۇ توپلام 1983-يىلى
بېيجىڭ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قى-
لىندى.

### 3. باشقا تارىخي ماتېرىياللار

1. «تارىخي جاھانكۇشاي»

13-ئەسىردىكى پارس تارىخشۇناسى ئالائىددىن ئاتا-
مەلىك جۇۋەينى يازغان «تارىخي جاھانكۇشاي»نىڭ 1-
تومى 41 باب بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 5-بابتىن 7-بابقىچە
ئۇيغۇرلار تارىخى خاتىرىلەنگەن بولۇپ مۇھىم قىممەتكە
ئىگە.

2. «جامىئۇل تەۋارىخ»

14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پارس تارىخشۇناسى را-
شىددىن تۈزگەن «جامىئۇل تەۋارىخنىڭ 1-قىسمىدا
ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئولتۇراق رايونى خاتى-
رىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «جامىئۇل تەۋارىخ»نىڭ 2-
قىسمىدا ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ ئىناۋەت قىلغانلىقى ۋە چىڭگىز-
خاننىڭ ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئىدىقۇتقا كۆرسەتكەن مېھىر-
شەپقەتلىرى خاتىرىلەنگەن.

### §2. ۋەسىقىلەر ۋە تەتقىقات ئەھۋالى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ مىل-
لەتلىك تارىخي تەرەققىياتىدىكى بىر مۇھىم باسقۇچ بول-
غانلىقتىن، مەملىكىتىمىز ئالىملىرى خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر-
لارنىڭ پائالىيىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن ھەم تەتقىقاتنى باش-
لىغانىدى. ئەمما بۇ خىل تەتقىقات كۆپرەك بەزى تارىخي
پاكىتلارنى دەلىللەش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جە-
ھەتتىكى تۆھپىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن.
ئەلۋەتتە بۇمۇ تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى كەم بولسا
بولمايدىغان خىزمەت. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە
كۆچۈشى، تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ خەنزۇلىششىنى سىستې-
مىلىق تەتقىق قىلىش روشەنكى ئىنتايىن يېتەرسىز. بولۇپمۇ
يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى يەرلىك تەزكىرد-
لەردىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللارنى قېزىش خېلىلا
يېتەرسىز. چەت ئەل ئالىملىرىدىن ئۇمېمۇرا خىروشى،
مونار، فوخىبې، ياماداا نوبۇئۇ، زېمې قاتارلىقلار تۇرپاد-
دىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇ-
رۇلمىسى توغرىسىدا ئىزدىنىپ كۆپلىگەن نەتىجىگە ئېرىش-
تى. ئەمما ئۇلار خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ۋە
چۈشىنىش جەھەتتە نۇرغۇنلىغان ئاملارنىڭ چەكلىمىسىگە
ئۇچرىدى. شۇڭلاشقا ئومۇملاشتۇرغاندا نۆۋەتتە مەمل-
كەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغ-
ۇرلار توغرىسىدىكى ئومۇميۈزلۈك، ئۇنىۋېرسال تەتق-
قات يېتەرسىز دېيىشكە بولىدۇ.

(1) ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئالىمى ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى
(1877 — 1927) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىگە ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك
تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، ئۇ «ئەۋلىيا
چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتىگە ئىلاۋە»، «چىڭگىزخان-
نىڭ زەپەرنامىسىگە ئىلاۋە»، «قەدىمكى غەربكە سەپەر
خاتىرىسىنى سېلىشتۇرۇش خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا
ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي پاكىتلارنى شەرھلىدى، تولۇق-
لىدى ۋە تۈزەتتى.

چېن يۈەن ئەپەندى ئاساسلىقى يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەسەرلەر توپلىمىدىكى مۇ-
ناسىۋەتلىك تارىخي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ «يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇل-
ششى توغرىسىدا تەتقىقات»نى يازدى، مەزكۇر ئەسەر

دەسلەپتە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئېلان قىلىندى، كېيىن بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «لىيۇن كۇتۇپخانىسىدىكى قول يازمىلار»غا كىرگۈزۈلدى، چېن يۈەن ئەپەندى 100 نەچچە نەپەر رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ خەنزۇلىشىش ئىش ئىزلىرىنى مىسال كەلتۈردى، ئۇنىڭ ئىچىدە 30 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ خەنزۇلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈردى ۋە تەتقىق قىلدى.

خەن رۇلىن ئەپەندى 1940 ـ يىلى غەربىي جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا «جۇڭگو مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى مەجمۇئەسى»نىڭ 1 ـ تومىدا «تۈركلەرنىڭ ئەمەل ناملىرىغا ئېنىقلىما»نى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدە پايدىلىنىلغان ماتېرىيال مول، تەھلىل ئەتراپلىق بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىي تەتقىقاتىدا يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى، بۇ ئالدى بىلەن خەنزۇچە ماتېرىياللارنى رەتلەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخىي تەتقىقات كافېدراسى مەسئۇل بولۇپ تۈزگەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» (قەدىمكى زامان قىسمى، 6 ـ قىسىم)غا ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللار كىرگۈزۈلدى ھەم تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئالىملار ئىلمىي كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. چېن دېجى ئەپەندىنىڭ «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى كېرەي خاندانلىقى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» 3 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1986 ـ يىل نەشرى) دېگەن ماقالىسىدە كېرەيلەرنىڭ تارىخىنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن كېرەيلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلغان لىيۇ يىڭشېڭ ئەپەندى «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» (نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى) دېگەن ئەسىرىدە، پارسچە ۋە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ دەلىللەپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تارىخى توغرىسىدىمۇ مۇناسىپ ئىزدەنگەن. ئۇ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر يەر ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى» («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر يەر ـ جاي ناملىرىغا ئېنىقلىما بەرگەن. چېڭ سۇلو مەملىكىتىمىزدە رادلوف ئېلان قىلغان ماقالىلەردىن پايدىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئەڭ بۇرۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ «سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىرى دەۋرلىرىدىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى يېزا ئىگىلىك فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ بىر نەچچە ئالاھىدىلىكى» («سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى) دېگەن ماقالىسىدە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يانچىلىق تۈزۈمى، يەر ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان. جاڭ چېڭجىننىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى» («مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1983 ـ يىللىق 5 ـ سان) ناملىق ماقالىسىمۇ بىر مۇھىم ماقالە، مۇئەللىپ ياپونىيە، ئۇيغۇرچە خىروشىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا 20 نەچچە پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە غەيرىي دىنىي ھۆججەتتىن پايدىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، سودا ئالاھىدىلىكىنى، ياللانما دېھقان ۋە بالا بېقىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان. لىيۇ يىڭشېڭنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي توغرىسىدا تەتقىقات» («ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 4 ـ سان) دېگەن ماقالىسىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانداشلىق جەمەت مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ ئەھۋالى، قۇللارنى ئېلىپ سېتىش ۋە جىسمانىي بېقىندىلىق، يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى

قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. گو پىڭلياڭ «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى توغرىسىدىكى يۈزەكىي قاراشلىرىم» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 ـ يىللىق 2 ـ سان) دېگەن ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت ۋە بىر قىسىم خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەھۋالى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلغان. چېن گاۋخۇا ئەپەندى ئۇزاق مەزگىل خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى غەربىي يۇرتقا ئائىت خاتىرىلەرنى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى، ئۇنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ رايونلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى» (شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1977 ـ يىل نەشرى) دېگەن ماقالىسىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەرب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار رايونىغا كىرىشى، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا كۆچۈشىدەك كەڭ كۆلەملىك ئاھالە كۆچۈش ھەرىكىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. چېڭ سۇلونىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ يازما تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» («تارىخ ئوقۇتۇشى»، 1964 ـ يىللىق 3 ـ سان) ناملىق يەنە بىر ماقالىسى بىلەن بەي گاڭنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسى توغرىسىدا يۈزەكىي تەھلىل» («شۈجۇ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978 ـ يىللىق 3 ـ سان) دېگەن ماقالىسىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كىرىپ ئەمەل تۇتقان ئۇيغۇر ئەدىبلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىساد ـ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى بايان قىلىنغان. جاڭ چېڭجىننىڭ «ئالمالىق، پولاد، ئېمىل قاتارلىق ئۈچ شەھەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلار توغرىسىدا ئىزدىنىش» («جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى»غا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى) دېگەن ماقالىسىدە ئۈچ شەھەرنىڭ ئورنى ۋە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي شىمال رايونىنىڭ ۋەزىيىتىدىكى مۇھىملىقىغا قارىتا مۇھىم تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان. گېڭ شىمىن جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ يازغان «سۇلمى ھەققىدە» («تارىخ تەتقىقاتى» 1980 ـ يىللىق 2 ـ سان)دا يېڭىدىن تېپىلغان بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىگە ئاساسلىنىپ ھەم ئۇنى مۇسۇلمانچە تارىخىي ماتېرىياللار ۋە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىنقىلار ئورنىنى ئېنىقلىيالمىغان «سۇلمى»نىڭ ئەمەلىيەتتە قاراشەھەرنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. ياۋ دالى «موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋەسىقىلىرىدىكى (ئىنجۇ) مەسىلىسى» («نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىللىق 2 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت ۋە پارسچە مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، غەربىي يۇرت رايونىدىكى «ئىنجۇ»نىڭ مەنبەسىنى تەكشۈردى ھەمدە ئىنجۇنىڭ موڭغۇللارنىڭ «قۇبى»، «ئانچۇ» تۈزۈمىنىڭ غەربىي يۇرت رايونلىرىدا ئەمەلىيلىشىشى ئىكەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇردى. چېن گاۋخۇا ئەپەندى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا يۈزەكىي مۇھاكىمە» («شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى) دېگەن ماقالىسىدە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن نەقىل ئېلىپ تابىن، شىبڭ شىمىڭلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. ليۇ يىڭشېڭ ئەپەندى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي شىمال رايونلىرىدىكى بۇددا دىنى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 6 ـ قىسىم) ۋە «موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا خرىستىيان دىنىنىڭ تارقىلىشى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 7 ـ قىسىم) ناملىق ئىككى پارچە ماقالىسىدە ئايرىم ـ ئايرىم يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددىستلار ئىچىدىكى مەشھۇر شەخسلەر، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى بۇددا دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر ھەم نېستورىيان دىنىنىڭ (تاڭ دەۋرىدىكى يازما ھۆججەتلەردە يەنە نېستورى دىنى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان)، ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقىلىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلغان.

ئۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن قارىغاندا ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى مول، ئەمما يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئوينىغان رولى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى يوق دېيەرلىك، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر، ئالايلۇق جەمئىيەت، ئىقتىساد، سىياسىي تۈزۈم، مەدەنىيەت، دىن، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىشى، ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىمىز ئالىملىرى تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان ياكى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلمىغان. شۇڭا مەخسۇس تېما تەتقىقاتى ئاساسىدا ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى يورۇتۇش ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى جەمئىيىتىدىكى رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

(2) چەت ئەل ئالىملىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا كىرىشكىلى ئۇزاق بولدى.

ياپونىيەلىك ئالىم ئابې تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (سۇڭ سۇيلىڭ قاتارلىقلار خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى) دېگەن كىتابى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخى تەتقىق قىلىنغان مۇھىم ئەسەردۇر.

ئامېرىكىلىق ئالىم ئالسېن «13-ئەسىردىكى يۈەن سۇلالىسى ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار» دېگەن ماقالىسىدە، ئاساسلىقى جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» (پارسچە باسما) دېگەن ئەسىرىگە ئاساسلىنىپ، چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال زېمىنى توغرىسىدا توختالغان ئىككى ئابزاس سۆزىدە چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال زېمىنى ئۇيغۇرلار رايونىدىن ماۋارەئۇننەھر رايونىغىچە سوزۇلغان دەپ ئۇيغۇرلار رايونىنى چاغاتاي سۇيۇرغاللىقىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتكەن. ئالسېن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 1304-، 1305-يىللىرى موڭغۇل خانلىرى كېڭەششىتىن بۇرۇن، قارا قوچۇنى دۇۋا ئىگىلىۋالغان دەپ كۆرسەتكەن، مۇشۇنداق بولغاندا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «بۈيۈك جەڭشى قامۇسى»دا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ نېمە ئۈچۈن چاغاتاي خاندىن كېيىنكى خان دۇۋاي تۆمۈرنىڭ سەلتەنىتىگە مەنسۇپ قىلىنغانلىق مەسىلىسىنى بىر قەدەر ياخشى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ماقالىدە يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا ئۆتىگەن مەجبۇرىيىتى ۋە باج-سېلىق، ئولپان تاپشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەخسۇس تېمىلارمۇ تەتقىق قىلىنغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى تىخونوف «10-، 14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» (« бщественн Иˇгурского « Гтосударствхвв XII ВВ – 1996 دېگەن كىتابىدا ر. رەھمەت ئارات، رادلوف، مالوفلار ئېلان قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى تەتقىقات ماتېرىيالى قىلىپ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ يەر تۈزۈمى، سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ئىگىلىك مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلغان، ئەمما مۇئەللىپ ئاساسلانغان خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئەمەس، بەلكى بىچۇرىن قىسقارتىپ پىششىقلىغان ماتېرىياللار بولغاچقا، ئۇ پەرەز، ھۆكۈملىرىدە خاتالىقتىن ساقلىنالمىغان. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا 10-، 14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش كىتابى ھېسابلىنىدۇ. فېدېراتىپ گېرمانىيە ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى فوخبې تۇرپاندىن تېپىلغان موڭغۇل يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە موڭغۇلچە ھۆججەتلەردىكى باج-سېلىق توغرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى كۆچلۈك تەكىتلىگەن. فوخبې تۇرپان مورتۇقتىن تېپىلغان 92-نومۇرلۇق (TM92) ھۆججەت توغرىسىدا «1369-يىلىدىكى بىر پارچە موڭغۇلچە ئالاھىدە ئىمتىيازنامە»، «تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە موڭغۇل يېزىقىدىكى ئالاھىدە ئىجازەتنامىنىڭ كەمتۈك ۋەرەقى (TM92)» ۋە يەنە «مورتۇقتىن تېپىلغان 92-نومۇرلۇق تۇرپان ھۆججىتى توغرىسىدا» قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالىسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلدى (بۇ ماقالىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا «ئورال — ئالتاي يىللىق ژۇرنىلى»نىڭ ئومۇمىي 47-سانىغا، 1975-يىل؛ «كانادا موڭغۇل ئوبزورى»نىڭ 1977-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان).

(ئاپتور: ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسىدا)

# قوشاقلار



ۋەتىنىمدۇر بەكمۇ گۈزەل،
شەنىگگە ئېيتاي غەزەل.
چارۋالىرى مول ھوسۇللۇق،
ھەممىدىن ئەمگەك ئەۋزەل.

چارۋا باققان كۆپ يولداشلار،
كۆپلەپ تەقسىم ئالغانلار.
پۇلنى سېلىپ يانچۇقىغا،
ئەركىن بازارغا بارغانلار.

ئەمگەك قىلماس ھۇرۇن كىشى،
قىيىن ئۇنىڭ ھەم تۇرمۇشى.
خەجلەي دېسە پۇلىمۇ يوق،
كۆيەر ئۇنىڭ ئىچى-تېشى.

تۇرمۇش ئۇچۇن بېشى قاتار،
بار دەسمىنى قويماي ساتار.

ئىچ پۇشۇققا پايلىماستىن،
ئۆيگە كىرىپ مەھكەم ياتار.

ئۇرۇشىدۇ ئۆيگە كىرىپ،
تىللايدىغان باشقىلار كۆپ.
يەيدىغانغا ئاشلىقى يوق،
جان باقىدۇ باشاق تېرىپ.

بۇنداق سۇسلۇق بەكمۇ يامان،
سارغايتىدۇ قىلىپ سامان.
كۆز قاراشلار قىلار ئاگاھ،
پارتىيەمىز بولسا ئامان.

شۇنىڭ بىلەن باي بولمىغان،
شۇ تەقدىرنى ھەم تىللىغان.
ساتاي دېسە ھېچ نەرسە يوق،
ھېچ ئامالى بولمىغان.

قويلىرى بار قانداق كىشى،
ئەمگەك بىلەن گۈللەر ئىشى.
بىكار تۇرماي قان-تەر تۆكۈپ،
رەتكە سالدى ئۇ تۇرمۇشنى.

ئورمان قويغان رەت-رەت تېرەك،
قاراپ ئاڭا تويماس يۈرەك.
بۇ چۆللەرنى بوستان قىلغان،
كەتمەن چاپقان باتۇر بىلەك.

ئۆستەڭ بويىدا ياش سۆگەتلەر،
ئوينار ئاندا ياش گۆدەكلەر.
مەنزىرىسى بەكمۇ ياخشى،
كەڭرىچىلىك يېمەكلىكلەر.

يېمەكلىك ياخشى نەرسە،
تەنگە قۇۋۋەت ئۇنى يېسە.
ئۆز يولىنى تاپالمايدۇ،
ئەمگەك قەدرىنى بىلمىسە.

يەر ئۈستىدە ئاپپاق پاختا،
ئېتىزلىرى تاختا-تاختا.
بۇ ئالەمدە كىيىم كىيىپ،
كېپەن تىكەر ئۆلگەن ۋاقىتتا.

سۇلار كەلسە بېلىق ئۆرلەيدۇ باشقا،
كۆزلۈم تويماي مەلىدە قەلەم قاشقا.
ۋەدىلىشىپ يەتتە يىل ئوينايدىمەن،
مەلىدىكى غۇنچە بويى لەگمەن چاچقا.

مەن يارىمنى چاقىرسام ئۇنۇم يېتەر،
قىنىشماستىن كۆيۈشۈپ زامان ئۆتەر.
قىزىلگۈلنىڭ بىر گېپى ئاخىر كېلىپ،
بۇ كۆيگەن يۈرەكىمدىن ئۆتۈپ كېتەر.

دەريا قىلىپ ئاختۇرۇڭلار ياشىمنى،
سېنىڭ ئۈچۈن گۆرگە قويدۇم باشىمنى.
دۈشمىنىمدىن ئەنتىمنى ئېلىپ بەرسەڭ،
چوڭ چاي قىلىپ ئۆلتۈرەرمەن ئاتىمنى.

خىزىرىم مەدەت بېرىپ قول بېرىپ،
يۈرۈيدىمەن يار خىيالىڭنى بىلىپ.
مېھرىبانىم باشتا قىلغان ۋەدەمگە،
گۆشۈم كەتتى ئۇستىخانىمدىن سىزىپ.

قاچان چاغدا تۇغۇلدۇڭ يېڭى يارىم،
خويما كۆيەر بۇ مېنىڭ ئېسىل جانىم.
ئېيست پۇشمان ئادەمنى ساتۇر بولسا،
ئالار ئىدىم نەچچە بولسا باھايىڭ.

كىملەر ئۈچۈن كىملەر دەردىنى تارتمىغان؟
دەرد تارتتىم دەپ بىر-بىرىدىن قاچمىغان.
بۇرۇن ئۆتكەن تاھىر بىلەن زۆھرەدەك،
باشقا كەلگەن ئۆلۈمدىن باش تارتمىغان.

كېتىپ بارسام ئالدىمدىن قاچتى توشقان،
بوز لاچىنمۇ ھاۋادا ئېگىز ئۇچقان.
كۆيۈپ پىشىپ مۇھەببەت ئوچاقىدا،
تەلپىمگە خۇدايىم سېنى قوشقان.

مەنمۇ سەندىن ئايرىلارمەن ئۆلمەسمەن،
غازاڭ ئوخشاش ساغىرارمەن كۆيمەسمەن.
قىزىلگۈلۈم مەندىن بۆلەك يار سۆيسەڭ،
ئادىمزات ئەۋلادىنى سۆيمەسمەن.

شۇنداق جايدا غېرىب بولۇپ يۈرگىچە،
ئۆلۈپ كەتسەم مۇنداق دەردىنى كۆرگىچە.
قىزىلگۈلۈم خۇشال-خۇرام ئوينايلى،
ئارىمىزغا دۈشمەن كىرىپ بۆلگىچە.

گەپلىرىمنى يەنە ئېيتسام تۈگىمەس،
سېنى ئويلاپ قوشاق قاتماق تەس ئەمەس.
قىزىلگۈلۈم سەنمۇ ئېيتقىن قوشاقنى،
ئەل ئاغزىدا نام قالسا ئىز ئۆچمەس.

جەرەن ئېتىم يورغىلايدۇ بەك سىلىق،
يارنىڭ سۆزى كۆڭلۈمگە تېگەر ئىللىق.
قەرەل قىلىپ ۋەدىلەشكەن مۆھلەتنى،
كۆڭۈل قويۇپ ئارا قويدۇم بەش يىللىق.

كېتەرمەن قىزىلگۈلنىڭ قېشىغا،
ئاپتاپ چىقسا سايە بولاي بېشىغا.
ئارزۇيۇم شۇ بولسام يارنىڭ ياغلىقى،
دەرد-پىراقتا كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

كۆزۈم چۈشتى كۆلدىكى ئۆردەكلەرگە،
ياز بولۇپتۇ پەردە تارت روجەكلەرگە.
ئۆلتۈرسىمۇ سالماسمەن نەزەرىمنى،
قىزىلگۈلۈم بىر سەندىن بۆلەكلەرگە.

تولا مېڭىپ قاپاردىغۇ پۇتلىرىم،
ئەسلىدىم مەن ئۆسكەندىكى يۇرتلىرىم.
ئىشقىڭ بىلەن قانات قاققان لاچىندەك،
يالقۇنجايدۇ يۈرەكىمدە ئوتلىرىڭ.

ھامان بىر كۈن سېنى ئېلىپ كېتۈرمەن،
سېنىڭ ئۈچۈن ئەزىز جاندىن كەچۈرمەن.
خۇشال بولۇپ ئوغۇل تۇغساڭ ئاپىيقىم،
قوڭغۇراقلىق ئالتۇن بۆشۈك ئەتۈرمەن.

دۈشمەنلىرىم بولسا كەلسۇن قېشىمغا،
ھەر بالانى ئېلىپ قويدۇم بېشىمغا.
تىرىك بولسام قۇزغۇنلارنى ھېچقاچان،
قوندۇرماسمەن قىزىلگۈلۈم شېخىڭغا.

كېسەل يەپتۇ يۈرەكىمنىڭ يېغىنى،
ئۆزۈم باغلاپ بىر يىكەننىڭ بېغىنى.
ئۆزۈم يالغۇز كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ،
بېلىق يېسەم يارغا قويدۇم تېگىنى.

ئوڭۇمدىمۇ كىرسەم سېنىڭ قوينۇڭغا،
يىلان بولۇپ گىرە سالسام بوينۇڭغا.
گۈل ھەمراھىم بەختىڭ شۇنداق ئوڭ ئىكەن،
ياش تىلەيمەن سېنىڭ كۆرەر ئۆمرۈڭگە.

گۈل غۇنچە دەپ نامىڭىزنى ماختاسام،
شۇ بارغانچە مەلىڭىزدىن يانماسام.
بېشىم كۆككە تاقىشىدۇ گۈلئايىم،
بارغانلاردىن بىرەر خەۋەر ئاڭلاسام.

تىل تۇرغۇيۇم تىل تەگمىسۇن بويۇڭغا،
قولۇم يەتسە گىرە سالسام بوينۇڭغا.
دىل خۇمارىم ئوتتۇڭدا ئېرىپ كەتمەي،
كېلىپ مېنى سىلىۋالغىن قوينۇڭغا.

تاڭ سەھەردە مەن ئۆزۈمنى سەگىتەي،
يار ئاغرىپتۇ مەن ئەمدى قانداق ئېتەي.
ھەمراھىمنى ئامان قىلغىن خۇدايىم،
گۈل باشىدىن ئاق پاقلاننى ئەگىتەي.

بارسام يەنە قايتارمەن يولۇم بىلەن،
چاي بېرەمسەن مۇبارەك قولۇڭ بىلەن.
مەن ئاڭلىسام ھەمراھىم ئاغرىپ قاپتۇ،
ھىلە قىلاي ئىشلىگەن پۇلۇم بىلەن.

باققان مېلىم تاراپ كەتتى مەرىشىپ،
بىر يىل بولدى ئارقاڭىزدىن ئەگىشىپ.
بولسا ئىدى قولۇمدا مېنىڭ پۇلۇم،
ئالار ئىدىم ئاناڭ بىلەن گەپلىشىپ.

ئويناپ بېرىپ چىقىپ ئالدىم تېرەككە،
مۇزنى تېڭىپ ياتادىمەن يۈرەككە.
قىزىلگۈلۈم خاترەڭنى جەم قىل،
ئوينىمايمەن يارىم سەندىن بۆلەككە.

قىزىلگۈلۈم قايدىن تۆرەلدىڭ يۇرتقا،
قايتايلى بىز مېھرىبان يارىم توختا.
تاش بارىكەن باغرىڭدا ئېرىمايسەن،
يۈرەكىم يالقۇنجاپ كۆيگەن ئوتقا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سوپى ساۋۇر
خاتىرىلىگۈچى: ھوشۇر ياقۇپ
(لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى توپلىمىدىن ئېلىندى)

# ئاتنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى

ئامىنە مۇھەممەد ئايچىن

ئات مىنىش ئەمەلىيەتتە ئىنسان بىلەن ئاتنىڭ مۇستەھكەم بىرىكىشى بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ يەككە-يېگانە ھالەتتە ئېرىشەلمەيدىغان مۇكەممەل بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئات كۆندۈرۈلۈش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى قوبۇل قىلدى، ئىنسان ئات مىنگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە سۈرئىتىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ زور ئەۋزەللىك بىلەن ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان بولدى ھەمدە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى بولغان ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا، جۈملىدىن قاتناش، ئالاقە، سودا ۋە ھەربىي يۈرۈشلەردە زور پايدىلىق قىممەتكە ئىگە بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا چارۋىچىلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار



ئات مىنىش ئارقىلىق ئېرىشەلىگەن مەنپەئەت ۋە قىممەت-
لەردىن ئەڭ بۇرۇن بەھرىمەن بولغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.
ئۇلار ئات مىنىشنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن تامامەن دېگۈدەك
ئۈنۈمسىز بولىدىغان ئوۋ ۋە ئاددىي چارۋىچىلىققا تايىنىپ
ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى. ئاچلىق، سوغۇق ۋە
ياۋايى ھايۋانلار ئېلىپ كېلىدىغان خېيىم-خەتەرلەرگە دائىم
دېگۈدەك ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆ-
پەيمەيتتى، مال-چارۋىلىرى ئاۋۇمايتتى. قىسقىسى، ئۇلار
ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تولىمۇ نامرات ياشايتتى. ۋە-
ھالەنكى ئاتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ
ئەھۋالىدا تۈپتىن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ
ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقان ئىپتىدائىي ئۇسۇلدىكى
پاسسىپ ۋە ئۈنۈمسىز ئوۋچىلىق پائالىيىتى ئات ئارقىلىق
ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاكتىپ يوسۇندىكى ئۈنۈملۈك ئوۋ پائا-
لىيىتىگە ئورۇن بەردى. ئۇلار ئات ئۈستىدىكى ئەۋزەل
ئورۇندىن پايدىلىنىپ ئوۋ ھايۋانلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرى-
دە كۆزىتەلەيدىغان ۋە ئاتنىڭ تېزلىكى ئارقىلىق ئوۋ نىشان-
لىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرەلەيدىغان، شۇنداقلا يىرتقۇچ
ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدىغان،
ئاكتىپ مۇداپىئەلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئات يەنە تولىمۇ جاپالىق ۋە
خەتىرى كۆپ يايلاق چارۋىچىلىق قىلىش دەۋرىگە خاتىمە
بەردى، ئاتلىق چارۋىچىلىق ئادەم كۈچىنى، ۋاقىتنى
تېجەپ ئىش ئۈنۈمىنى نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈردى.
ئاتنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئاكتىپ ئىشلىتىلىشى چارۋا
ماللارنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ، تۆگە ۋە ئاتنى چارۋامال قا-
تارىدا بېقىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن
ئۇلارنىڭ توختاۋسىز كۆچمەن تۇرمۇشى كۆڭۈلدىكىدەك
كۆچۈش ۋاستىسىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئات بىلەن قىلغان
ئۈنۈملۈك ئوۋدىن ئېرىشەلىگەن مول غەنىيمەتلىرى، كۆ-
پەيگەن چارۋا ماللارنىڭ گۆش ۋە سۈتلىرى ئۇلارنىڭ
يېمەك-ئىچمەكنى، تېرىلىرى كىيىم-كېچەكنى يېتەرلىك
مەنبە بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭ يېمەك-
ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، قاتناش-ترانسپورت مەدەنىيىتى-
نىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، راۋاجلىنىشىغا، مەزمۇنىنىڭ ئاددىي-
لىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا يۈزلىنىش-
كە تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكى
تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ.

يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار
سۈت ۋە گۆش تاماقلىرىنىڭ خىلمۇخىل تۈرلىرىنى ۋە
ئۇنى پىشۇرۇشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى، شۇنداقلا
ئۇنى بۇزۇلۇپ قويماي ئۇزاق ساقلاش ۋە ئېلىپ يۈرۈش-
نىڭ ئەپچىل ئىمكانىيەتلىرىنى ئىجاد قىلدى. مەسىلەن،
ئارتۇق مىقداردىكى سۈتتىن قىمىز ياساشنى، قىمىزنى
قاچىلاش ئۈچۈن ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنغان
«پۈتىق» ۋە ئاتنىڭ تېرىسىدىن قىلىنغان يەنە بىر خىل
قىمىز تۇلۇمى «قاسۇق» قاتارلىقلارنى ئىجاد قىلغان.

كىيىم-كېچەك جەھەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا
يايلاق چارۋىچىلىق ئېلىپ بارغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى
ئىستېمال قىلغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئارتتۇبلش، يۆ-
گۆبلش قاتارلىق ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن سوغۇق ۋە
ھەرخىل خەتەرلەردىن مۇداپىئەلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ
ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كىيىم-كېچەكلىرى ئىدى، ئات
مىنىش ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى، ئاددىي كىيىم-كې-
چەكلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەقەززا قىلدى، يەنى پاشىلىق
ئۆتۈك، ئىشتان قاتارلىقلار ئىجاد قىلىندى.

قاتناش - ترانسپورت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
ئات — خەلقنى كۈچلۈك قاتناش قورالىغا ئىگە قىلدى.
يوچتا-ئالاقە ئىشلىرىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.
ئاتنىڭ چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتىكى رولىدىن كۆرە جەڭ-
دىكى رولى تېخىمۇ قالتىس بولدى. ئىنسانلارنىڭ ئاتلىق
جەڭ قىلىشى ئىنسانلار تارىخىدا زور بۆرۈلۈش ھاسىل
قىلدى.

ئاتلىق قوشۇن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنىڭ ئالدىنقى
شەرتى بولۇپ قالدى. ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى ئاجايىپ قۇدرى-
تى ۋە تۆھپىسىنى تونۇغان ئۇيغۇرلار ئاتنى ئۇرۇش تەڭ-
رىسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان، ئاتنىڭ كۈندۈرۈلۈشى
ئاتلىق يۈرۈشلەرگە ماس كېلىدىغان تۈرلۈك ئۇرۇش قو-
راللىرى، مۇداپىئەلىنىش كىيىملىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنى
ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۆز نۆۋىتىدە دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تۈرتكە
بولدى. نوقۇل ئادەم كۈچىگە تايىنىشتىن ھايۋان كۈچىگە
تايىنىشقا يۈزلىنىش دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيا-
تىدىكى غايەت زور ئىسلاھات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ
ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق
بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولدى. يەنى ئات

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىن دېھقانچىلىق دەۋرىگە قەدەم بېسىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان.

ئاتقا مىنىش ماھارىتىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئاتنى مىنىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئېگەر-توقۇم، يۈگەن، قامچا، ئۈزەڭگە قاتارلىقلارنى ياسايدىغان مەخسۇس ھۈنەر-كەسىپ مەيدانغا كەلدى. كېيىنچە ھارۋىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئاتنى ھارۋىغا قاتقاندا لازىم بولىدىغان بىر بۆلۈك جابدۇقلار مەيدانغا كەلدى، بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلاردا ياغاچچىلىق، ئويمىچىلىق، نەققاشلىق، قۇيمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىمارچىلىق دېگەندەك ئاممىۋى ھۈنەر-كەسىپ ئادەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئات كەم بولسا بولمايدىغان قاتناش قورالى، جەڭ قورالى ۋە دېھقانچىلىق ئەمگەك قورالى بولغان. ئات توي-تۆكۈن ئىشلىرىدىكى ئەڭ ياخشى تويلۇق مېلى، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدىكى ئېسىل قۇربانلىق مال، نورۇز، مەشرەپ، مەرىكە-مۇراسىملاردىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئەرمەك بولغان؛ پۇل پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى سودا ئىشلىرىدا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان؛ ئات ئەجدادلىرىمىزنىڭ سودا-تىجارەتتە پىششىپ يېتىلىشىنىڭ ئاساسىنى سالغان؛ گۇناھكارلارنى جازالاپ، گۇناھىدىن كېچىشتە ۋە زىياننى تۆلىتىشكە تۆلەم بۇيۇمى قىلىنغان، ھەتتا تېزەكلىرى يېقىلغۇ ۋە ئوغۇت بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئاممىۋىلىققا ئىگە، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك، چىدامچانلىقنى ۋە بەدەن ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تەنتەربىيەسى تەركىبىدە ئات ئۈستى ماھارىتى، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش، ئات بەيگىسى، چەۋگەن، ئوغلاق تارتىش قاتارلىق تەنھەرىكەت تۈرلىرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەپ كەلگەن ھەم كەلمەكتە.

ئەدەبىيات-سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئاتنى تەسۋىرلەش ناھايىتى يىراق زاماندىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ئات ئىلاھ سۈپىتىدە ئەپسانە-رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر، خەلق قوشاقلىرى، ماقال-تەمسىللەردە مۇھىم ئورۇن ئالغان. قومۇلدا ھازىرغىچە ئوينىلىپ كېلىنىۋاتقان «قومۇل ئات ئۇسسۇلى» ئاتنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتىگە بولغان تەسىرىنىڭ تىپىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەسۋىرىي سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئات شەكلىدە ياسالغان نۇرغۇن زىننەت بۇيۇملىرى بولغانلىقى مەلۇم. ئېسىك قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ساك پادىشاھىنىڭ تاجىدا تۆت دانە ئات تەسۋىرى بار، يەنە مۇشۇ قەبرىدىن ئات شەكىللىك ئالتۇن قاداق تېپىلغان①.

ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئاتنىڭ تېبابەتچىلىكتىكى دورىلىق قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئاتنىڭ گۆش، سۈت ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەزالىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن، ئاتنىڭ گۆشى، يادا تېشى، سۈتى، قايمىقى، قېنى، قىلى (تۈكى) قاتارلىقلار تېبابەتچىلىكتە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئات گۆشى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئات گۆشى كىشىلەرنى يۈرەكلىك، غەيرەتلىك قىلىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، مىزاجنى تەڭشەش، تېرە رەڭگىنى ئۆزگەرتىش، ھارارەتنى كۈچەيتىپ باھنى قوزغاش، بوغۇم، لەقۋا، تىترەش كېسەللىكى، ئۈچەينىڭ يىرىڭلىق جاراھەتلىرى، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئات گۆشنى داۋاملىق مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ.

ئات گۆشنى كۆيدۈرۈپ مەدەن كۈشتىسى بىلەن خېمىر قىلىپ تەمرەتكىلەرگە چېپىپ بەرسە، ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

كۆيدۈرۈلگەن ئات گۆشنى مىس كۈشتىسى، ئاقىرقەرھا بىلەن مەلھەم تەييارلاپ بوۋاسىرغا چېپىپ بەرسە، بوۋاسىرنى ساقايتىدۇ.

كۆيدۈرۈلگەن ئات گۆشنى ئانار ئۇرۇقىنىڭ تالقىنى بىلەن ئىچىپ بەرسە، كونا-يېڭى ئىچ سۈرۈش ۋە ئۈچەي جاراھەتلىرىگە شىپا بولىدۇ.

ئەگەر ئات گۆشى تېپىلمىسا، ئات قېزىسىنى يېسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىمكانقەدەر ئات گۆشنى ئىستېمال قىلغان ياخشى. ئات گۆشنى مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىپ، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، يۈرەك تاجىسىمان قان تومۇر قېتىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەم يەنە سوزۇلما كاناي ياللۇغى، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، دەم سىقىلىش كېسەللىكلىرىگىمۇ شىپا بولىدۇ.

ئاتنىڭ يادا تېشى ئاتنىڭ قېرىن ۋە ئۈچەي يوللىرىدىكى تاش بولۇپ، ئاتنى ئۆلتۈرگەندە تاشنى ئېلىپ پاكىز تازىلاپ، سايىدە قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. يادا تاشنىڭ شەكلى

شارسىمان، تۇخۇمسىمان ياكى ياپىلاق شەكىللەردە بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، دىيامېتىرى 6 – 20 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 250 — 2500 گىرام كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كىچىكلىرىمۇ بولىدۇ. يادا تاشنىڭ ئۇچى تەرىپى ئۇن چاچقاندەك ئېقىش، بەزىلىرى كۆل رەڭ، پارقىراق، سىلىق، بەزىلىرى تەكشى ئەمەس، ئۆزى قاتتىق ھەم ئېغىر بولىدۇ. بىر ئاز سېسىق پۇرايدۇ، تەمسىز ھەم بىر ئاز تۇزلۇق بولىدۇ، شۇمسە ئېزىلىدۇ، يادا تاشنىڭ پارقىراق، سىلىق، ئېقىش، كۆل رەڭ بولغانلىرى ئەڭ ياخشىسىدۇر.

يادا تاشنىڭ تەركىبىدە كالتسىي كاربونات، ماگنىي فوسفات، ماگنىي كاربونات قاتارلىق ماددىلار بولىدۇ.

ئات يادا تېشى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ ئاغرىق پەسەيتىش، بەلغەم يۇمشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، تۇتقاقلىق، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، غەلۋىرەك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ، يادا تاشنى ئىشلەتكەندە سوقۇپ بىر گىرامدىن ئىچىش كېرەك.

ئات سۈتىنىڭ قايمىقى ئات سۈتىنىڭ يۈزىدىن يىغىۋېلىنىدۇ. ئۇ قاننى ياخشىلاپ، قىزىتمىنى پەسەيتىپ، ئۇسسۇزلۇقنى تۈگىتىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەپ قان كۆپەيتىدۇ. ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، سۆڭەك كېسەللىكلىرى، چىش كېسەللىكلىرى ۋە قان ئازلىقنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئات سۈتىنىڭ قايمىقىنى ئاچچىق ئانار ياكى مېۋە سۈلىرى بىلەن بىللە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا قان كۆپەيتىدۇ.

ئات سۈتىنىڭ قايمىقىنى سەدەپ كۈشتىسى بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، سۆڭەك ۋە چىش مىلىكىنى ياخشىلايدۇ.

ئات سۈتىدىن تەييارلانغان قىمىز ياز كۈنلىرىدىكى ئەڭ ياخشى سوغۇق ئىچىملىك بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇققا مايىل، ئۇنى مۇۋاپىق ھالدا ئىچىپ بەرسە تاماق سىڭدۈرىدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، سەمەرىتىش رولىنى ئوينايدۇ، بىراق قىمىزنى سوغۇق مىجەزلىك كىشىلەر ئاز ئىچىشى لازىم، كۆپ ئىچىۋەتسە ئاشقازاننىڭ مىزاجىنى بۇزۇپ قويىدۇ. سەپرادىن بولغان كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن بېرىلىدىغان «داۋايى سەپرا» دېگەن دورىغا ئات گۆشى، ئات يادا تېشى قوشۇلىدۇ، بۇ دورىمۇ ئات سۈتى بىلەن ئىچىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاتنىڭ قېنىنى يۈزىگە چېپىپ بەرسە، تېرىنى چىرايلىق قىلىدۇ.

ئاتنىڭ قىلىنى ياكى تۈكىنى كۆيدۈرۈپ ھەسەل بىلەن مەلھەم تەييارلاپ سەپكۈن، داغلارغا، جاراھەتلەرگە چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئاتنىڭ قىلىدا تور ياساپ كۆزگە تارتىۋالسا كۆز ئاغرىقىنى ساقايتىدۇ.

قېزا: ئاتنىڭ چوڭ ئۈچەيىنىڭ ئىچىگە ئاتنىڭ گۆش، تۇز، پىياز ۋە ھەر خىل دورا-دەرمەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ. قېزا تەبىئىتى ئىسسىق.

بۇلاردىن باشقا، يەنە سالنامە بېكىتىشتىمۇ ئات مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، ھەتتا ئايغىر ئاتنىڭ باش سۆڭىكى بۆگۆنكى كۈندىمۇ يامغۇر تىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، قومۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق مەزگىل يامغۇر ياغماي، زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتەي دېگەندە ئاق ئاتنى قۇربانلىق قىلىپ يامغۇر تىلەش؛ ئاتنىڭ باش سۆڭىكىگە ئايەت يېزىپ، جامائەت بىرلىكتە دۇئا قىلىپ، بۇ سۆڭەكنى ئېقىن سۇغا چىلاپ ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ يامغۇر تىلەش ئادىتى ھازىرمۇ بار.

ئات ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىگىمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلغان. ئاتنىڭ خاسىيىتىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا تەۋەككۈلچىلىك، باتۇرلۇق، دادىللىقتەك قىممەتلىك خاراكتېر ئىپادىلىنىپ چىققان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئات ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدىن تارتىپ مەنىۋى خاراكتېرىگىچە بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئىزاھات:

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1991-يىل 2-، 3-سان.

پايدىلانمىلار:

1) ۋاڭ جىلەي [M]، (ئابلەت نۇردۇن، ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى) «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1993-يىل 1-ئاي 4-نەشرى.
2) تەۋەككۈل قۇربان، مەلىكە مۇھەممەد تۇزگەن، «ھايۋانات ئەزالىرىنىڭ شىپالىق رولى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2000-يىل 7-ئاي، 1-نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچان تىلشۇناسلىق كەسپىنىڭ 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# ئۇيغۇرلاردا لەقەم قويۇش ئادىتى

ئابدۇغېنى ئوسمان

تىل ھەرقايسى مىللەتلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. تىلدىكى ھەرقايسى ئامىللارنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرى جەھەتتىن ئالغاندا، شەيئىلەرگە نام قويۇش ئىنسانلارنىڭ تىل تەرەققىياتىنىڭ باشلانمىسى بولۇشى ئېھتىمال.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىسىمغا قوشۇمچە قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان، لەقەمگە ئوخشاش ھەرخىل سۆزلەرنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولۇشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاياغ» دېگەن سۆز خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «لەقەم» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. «لەقەم» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى «لەقەب» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «لەقەب» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى باشقا ئىسمى، «باشقا ئاتىقى» دېگەندىن ئىبارەت. «لەقەب» سۆزى جانلىق تىلدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ ھازىرقى «لەقەم» سۆزى ھاسىل بولغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ مىجەز-خۇلقى، خۇسۇسىيىتى ياكى جىسمانىي جەھەتتىكى بىرەر بەلگىسىگە ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان ئىككىنچى بىر نامدۇر. لەقەم خەلق ئىچىدە كەڭ ئامموۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، قويۇلۇش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە كونكرېت، جانلىق بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە. بىز ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان لەقەملەرگە قارايدىغان بولساق سەلبىي مەنىدىكى لەقەملەرنىڭ كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. لەقەملەنگۈچىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، سەلبىي مەنىدىكى لەقەملەر ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئابروي-ئىناۋىتىگە مەلۇم دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىسمۇ، ئۇ بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇنداق لەقەملەرمۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىبرەتلىك رولى بىلەن ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. قەشقەر تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار تولىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، لەقەملەرنىڭ تۈرى، سانى بىر قەدەر كۆپ. ماقالىمىزدە قەشقەر رايونىدىكى

بىر قىسىم لەقەملەر تەھلىل قىلىنىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار-
دىكى لەقەم قويۇش ئادىتىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى، لە-
قەملەرنىڭ تۈرلىرى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئۆۋەتتە-
كى لەقەم قويۇشنىڭ يۈزلىنىشى قاتارلىقلار توغرىسىدا
قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

1. لەقەملەرنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى

ئۇيغۇرلاردا لەقەم قويۇش ئادىتى تارىخىي ئىزچىل-
لىققا ئىگە. ئۇ بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇي-
غۇرلار ئۇرۇق، قەبىلە شەكلىدە تۇرۇۋاتقان ئاشۇ
دەۋردىن باشلاپلا لەقەم، نەسەبنامە ۋە قەبىلە ناملىرىنى
ئۆزلىرىگە بەلگە قىلىپ ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۇرۇق، قەبىلە
شەكلىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن دەۋردە ئۆزلىرىنىڭ
ئۇرۇق-جەمەتىنىڭ ناملىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى باشقىلار-
دىن پەرقلەندۈرگەن. ئۇرۇق، قەبىلە باسقۇچىدىن تەرەق-
قىي قىلىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ شەكىللەنگەن
دەۋرگە كەلگەندە قەبىلىنىڭ نامى ياكى قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ
ئىسمى ئارقىلىق ئۆز تەۋەلىكىنى ئايرىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ
مەشھۇر ئەپسانىسى «ئوغۇزنامە»دە بۇ ھەقتە، ھارۋا ياساي-
دىغانلارنىڭ «قاڭلى» دەپ ئاتالغانلىقى، سال ياسايدىغان-
لارنىڭ «قىپچاق» دەپ ئاتالغانلىقى قەيت قىلىنغان. كىشى-
لەر مەلۇم كىشىنى سۈرۈشتە قىلىشتا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ
ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق-جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى بىرەر كىشىنىڭ
جىسمانىي جەھەتتىكى مەلۇم ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ شۇ-
غۇللانغان كەسپى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، يۈرۈش-
تۇرۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ياكى ئۇلارنىڭ ياشىغان
جايى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ قويۇلغان لەقەملەر ئارقى-
لىق سۈرۈشتە قىلغان. دېمەك، لەقەم ئىشلىتىش ئۇيغۇرلاردا
تارىخىي ئەنئەنە ھاسىل قىلغان بىر خىل ئادەت بولۇش سۈ-
پىتى بىلەن ئۇزاق تارىخىي جەرياندىن بۇيان ئىزچىل دا-
ۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. لەقەملەرنى
قېزىش، تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىدىن ئۈنۈمـ-
لۈك پايدىلىنىش ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە. مەسىلەن، تۇرغۇن گۈلئايىم دېگەننى تۇغۇن
گۈلايىم، قادىر توغراق دېگەننى قادى توغراق، دېگەن-
دەك. لەقەملەرنىڭ خەلق تىلى بىلەن ئىخچام قىلىپ قويۇلۇ-
شى لەقەملەرنىڭ خەلق ئىچىدە تېخىمۇ ئاسان ئومۇملىشى-
شىدا مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

2. لەقەملەرنىڭ تۈرلىرى

لەقەملەرنىڭ قويۇلۇش ئاساسىدىن ئالغاندا ئۇ كۆپ
خىل ئېھتىياج ۋە سەۋەبلەر ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن
بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال لەقەملەرنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپ
خىل بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

كىشىلەرنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەر-كەسپىنىڭ نامـ-
نى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن بىرگە ئاتاش نەتىجىسىدە
بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل شەكىلدە شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەر-
كەسپىنىڭ نامى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا شۇ كىشىنىڭ ئىسمـ-
ىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇكېرىم مىراپ، بۇ-
رادىن تۇماق، نىياز تاغا، ھېكىم سۇپەك، رۇسۇل چاپان،
قاسىم پاۋان، قۇۋان جىن، سادىق باخشى، مەممەت
سۇپى، ھەمە داخان، خەنسا قوشۇق، مەخەت سۇپۇگە،
راخمان چۆمۈچ، ئەمەت سۆرەم، ھۇشۇ باپكا، تۇسۇن
تەگلە، ساۋى ياغاچچى، ھۇسىين تۆمۈچى، يۇسۇپ
سەيپۇڭ، رىشىت دوختۇر، قادى باققال، قاسىم ئەپەندى
(ئوقۇتقۇچىنى كۆرسىتىدۇ)، سەمەت كىنوچى، رۇزى تە-
رەكتۇر، قاۋۇل مالچى، رۇزى قاسساپ، قادى دىۋانە،
باتۇ قازى، ئابدۇرېھىم موزدۇز، راخمان تۆگە، قاسىم
سەگەز، ئىمىن ماشىنچى، رىشىت سەيچى، داۋۇت شالى،
ھەممەت لەڭپۇڭ، ئىمىن ئاتچى، ھۇسىين زاكۇ، سلايمان
جۇۋاز، ئوسمان راۋاب، توختى دۇتتا، تۇغۇن كىگىز،
توختى پالاس، ھاشىم پولۇ، قادى توغراق (توغراق ياغى-
چىدا ئۇلاق قاتارلىق ياغاچ بۇيۇملارنى ياساپ ساتىدىغان
ھەم توغراق ئورمانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ئادەم)،
ياسىن ناۋاي، ئېزىز تامچى، ئاۋۇت مۇخرەك، يۇنۇس
لابا، مىجىت كوجى، مامۇت پەي (فەنىي-تەرجىمان
دېگەن مەنىدە)، ئىمىن قارىم، سلايمان قىشچى، قاۋۇل
سەتىراش، مۇسا شەخ، مۇسا تىرە، مىجىت چۆچۈرە،
ئەخەت ئېشەك (ئېشەك ئېلىپ ساتىدىغان ئادەم)، ئىسما-
ئىل ھارۋىكەش، ئىمىن قاپقان (قاپقان قويۇپ ياۋايى ھاي-
ۋانلارنى تۇتىدىغان ئادەم) دېگەندەك. بۇ خىل لەقەملەر-
نىڭ بەزىلىرى لەقەم قويۇلغۇچىنىڭ ھۆرمەت، ئەمەل نام-
لىرىدىن كەلگەن بولۇپ، كېيىن بۇ ھۆرمەت ئەمەل ناملى-
رى تەدرىجىي لەقەم تۈسىنى ئالغان. مەسىلەن، ئابدىكې-
رىم مىراپ، مىجىت كوجى، ئىمىن قارىم، مۇسا شەخ.

كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلى، بەدىنىدىكى ئالاھىدە
گەۋدىلىك تەرەپلىرى ۋە تەقى-تۇرقى قاتارلىقلارغا ئا-
ساسلىنىپ قويۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن، روزى مايمۇن،
قاسىم لوڭ (ئېگىز ئادەم)، قادى موللام ئىلمەك باش،

ھەمە موللام پاينەكباش، قادى توكو، ئەمەت قارا، قادى
بۇرۇت، ھەسەن پىكاپ، مەمەت چامغۇر، قادى ساقال،
تۇراق قىسماق، ئەسقەر ماناق، ئالىم مايماق، ساۋۇت
مۇكا، ھۇسىين چۇلاق، ھۇسىين تاز، مەمەت قاغا، قادى
ياپال، ئىمىن باداڭ (يوغان، سېمىز ئادەم)، ئېلى قوتاز
(ناھايىتى تۇكلۇك ئادەم)، ھاجى قاپ (سېمىز، يۇملاق
ئادەم)، ھەسەن قاش، داۋۇت قوشماق. بەزى كىشىلەر-
نىڭ بەدەن ياكى مىجەز جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ
ئەكسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قويۇلغان لەقەملەر. مەسى-
لەن، يۇسۇپ ئۇزۇن (بويى پاكار ئادەم)، ياقۇپ ساقال
(ساقال چىقمىغان ئادەم)، روزى چىرايلىق (روزى بەبە،
چىراي شەكلى كۆرۈمسىز، رەڭگى قارا ئادەم)، ھەمە
يۇمشاق (قوپال ئادەم)، قۇۋان بوزەك (دائىم باشقىلارنى
بوزەك قىلىدىغان ئادەم).

كىشىلەرنىڭ ئادەتلەنگەن مەلۇم ھەرىكىتى،
يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ياكى يېتەر-
سىزلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن، ھېكىم
سۆلەت، قادى پەداز، قادى بوران، مەمەت گىرمان، ئانا-
يىت تاڭ-تاڭ، يۇسۇپ دوپپا، ھوشۇ پالتا، يۇسۇپ بۆرە،
ھەسەن غەزەل، ياقۇپ جىزا، قۇۋان شازا، ھەمە داچەن،
ھېيت چۆپ، ئوسمان تاڭخاڭ، روزى كاناي، قۇۋان
شاراق، زىيادىن ساڭگا، نۇر كىپەز، تۇسۇن سەتەڭ،
ئوبۇل كۆمەچ، ئەمەت چۆن، ئىسلام ئۇماچ، قادى شىل-
دىرلىڭ، ئىمىت توغاي، ياسىن كورۇڭ، ئىمىن ساق،
توختى پالاس (ئىزىلەڭگۈ ئادەم)، ئەيسا يورغا (ناھايىتى
تېز يول ماڭىدىغان ئادەم)، روزى بەڭگە. گەپ-سۆز
ياكى پىسخىكا جەھەتتىكى مەلۇم ئالاھىدىلىكى ياكى يېتەر-
سىزلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر: مامۇت كاشال،
نامەت كالدى، ئەمەت لاپ، مەخەت كېمەك، ئوسمان
مۇنەك، روزى مېكىيان، ھەسەن قانجۇق، قادى قادى
جىلە، ئۇرايىم چىچاڭ، سىلايمان چويۇن، ھاشىم ياپسا،
ئىگەم ساختا، تۇراق چايان، تۇسۇن تۇلكە، سۇلتان
قاۋان، ياسىن يۇمشاق، كېرەم قۇل، زۇلۇن قويۇن،
تۇسۇن قىزىل، ياسىن كوروك، ھۇشۇر ئەنجۇ، ئەيسا
تۆمۈ، ئابدۇكېرىم پاخپاق (پوچى)، ئەرا جالداڭ (ئەراخان-
ئايال، جالداڭ-تېتىك، جانلىق، ئاچچىقى يامان)، ئابلا
چۇجە (دائىم توخۇنىڭ كەينىدە يۈرىدىغان ئادەم)، غوجى
يالغان، ھەمە رومال.

«رومال» دېگەن لەقەم ھەققىدە مۇنداق بىر قىزىد-
قارلىق ئىش بولۇپ ئۆتكەن. بىر يۇرتتا ھەمە دەيدىغان



بىر ئادەم بولۇپ، بەكمۇ قۇۋ-ھىيلىگەر ئىكەن، بىر كۈنى يۇرتتا ئۆستەڭ چېپىش ئۈچۈن ھاشار ئېلىپ بارماقچى بولۇپ كىشىلەرنى يىغىپتۇ. مەھەللە كادىرلىرى شۇنچە ئىزدەپمۇ ھەمە دېگەن بۇ ئادەمنى تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھەللە كادىرلىرى ھەمە دېگەن بۇ كىشىنىڭ مەھەللىسىدىكى كېۋەزلىكتىكى ئاياللاردىن سۈرۈشتۈرمەكچى بولۇپ كېۋەزلىككە بېرىپ سورىغانىكەن، ئۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ كىشىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. بۇ جەرياندا بىر ئايال ئىنچىل ئۇ كادىرغا كەينىنى قىلىپ كېۋەز تېرىۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كادىر گۇمان قىلىپ ئۇ ئايالدىنمۇ سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى بولۇپ ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا كېۋەز تېرىۋاتقان بۇ ئادەم ئۆزى ئىزدەۋاتقان ھەمە دېگەن كىشى ئىكەن. ئەسلىدە، ھەمە دېگەن بۇ ئادەم ھاشارغا بارماي ئاياللارنىڭ رومىلىنى ئارتىپ ئۆزىنى يوشۇرغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىشىگە باشقىلار «ھەمە رومال» دېگەن لەقەمنى قويۇپتۇ.

بەزى ئاياللارنىڭ جانلىق، زېرەك، شوخلۇقىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئېرىنىڭ ئىسمىنى لەقەم ئورنىدا قوشۇشتىن ھاسىل بولغان لەقەملەر. مەسىلەن، زورىخان سەمەت، ئايەشخان سىدىق، ئايىم ھەسەن، ئايىمخان نەزەر، لەيلىخان توختى، ئابلىمىت ئايشەم، تۇغۇن گۈلايىم، ھۇسىين مەرەم، مەمەت پاتەم.

بەزى ياۋاشراق ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئايالىنىڭ ئىسمىنى لەقەم ئورنىدا قوشۇشتىن ھاسىل بولغان لەقەملەر. مەسىلەن، ئابلىمىت ئايشەم، تۇغۇن گۈلايىم، ھۇسىين مەرەم، مەمەت پاتەم.

بۇ خىلدىكى لەقەملەر لەقەم قويۇلغۇچىنىڭ ئەر ياكى ئاياللىق مىجەز جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى مۇبالىغە قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، ئەرلەرگە قويۇلغانلىرى بىر ئاز كەمسىتىش مەنىسىنى بەرسىمۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر-بىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە روشەن روللارنى ئوينىغانلىقتىن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان. ئادەتتە بۇ خىل لەقەملەر لەقەملەنگۈچىنىڭ ئالدىدا ئېيتىلمايتۇ.

يەر-جاي ناملىرىغا ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر. ئادەتتە، بۇ خىل لەقەم قويۇشتا بىر يۇرتقا باشقا يۇرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئەسلى يۇرتىنىڭ نامىنى قوشۇش ئەھۋالى بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئاۋۇت يەكەن، مەمەت ئاتۇش، ئۇرايىم دۆلان، ھەسەن مەكىت، ھەمە شايا، ئەركىن كەلپىن، ئابدۇرېھىم قازاق (شىمالىي شىنجاڭدىكى قازاقلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۇزاق مەزگىل تۇرغان ئادەم)، كېرەم ئەنجان.

بۇنىڭدىن باشقا مەلۇم يۇرت ياكى مەھەللىگە بىرلا لەقەم قويۇلۇپ، شۇ يۇرت ياكى مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا لەقەمنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى ئىشلىتىش ۋە ياكى مەلۇم يۇرت-مەھەللىنى بىرلا لەقەم بىلەن ئاتاش ئەھۋالىمۇ بىر قەدەر گەۋدىلىك. بۇ خىل لەقەملەردە مەسىلەن، ئابداللار، دولانلىقلار، لاپ مەھەللىسى، چۆپ مەھەللىسى، كوروڭ مەھەللىسى، چايلا مەھەللىسى دېگەندەك.

**3. لەقەملەرنىڭ قويۇلۇشىدىكى سەۋەبلەر ۋە لەقەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي رولى**

لەقەمنىڭ بۇنداق كۆپ ئىشلىتىلىشىدىكى تۈپكى سەۋەب ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنىڭ ئومۇملاشماسلىقى بولۇپ، كىشىلەر ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە لەقەمگە تايانغان. مەلۇم كىشىگە قويۇلغان لەقەم ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى، يۈرۈش-تۇرۇشى، ھەرىكىتى، مىجەز-خاراكتېرى قاتارلىق تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىنى قانچىكى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرەلىسە شۇ كىشىگە قويۇلغان لەقەم شۇنچە تېز سىڭىدۇ ھەم كەڭ ئومۇملىشىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، لەقەملەرنىڭ قويۇلۇشىدىكى سەۋەبلەر تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سەۋەبتىن ئىبارەت:

1) ئۇيغۇرلاردا فامىلە ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملاشماسلىقى. ئۇرۇق-جەمەتتىن قەبىلىگىچە، قەبىلىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغىچە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسى شەكىللەنگەنگىچە بولغان بىر پۈتۈن تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسى ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنىڭ ئومۇملاشماسلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنى بەلگىلىگەن. فامىلە قوللىنىشنىڭ ئادەتكە ئايلانماسلىقى كىشىلەرنىڭ لەقەمگە تايىنىشىنى پەيدا قىلغان. ئۇيغۇرلاردا لەقەم قويۇش شۇنچىلىك دەرىجىدە ئومۇملاشقانكى، ئۇيغۇرلاردا، خۇسۇسەن ئەرلەر ئارىسىدا لەقەمسىزلەر ئىنتايىن ئاز سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىستېمال دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئاممىۋى ئاساسى ناھايىتى چوڭقۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كەڭ دائىرىدە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن ئاشۇ لەقەملەرنى «خەلق

ئىچىدىكى فامىلە» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

2) كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلار لەقەمنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق خاتىرىلىنىدۇ. لەقەملەنگۈچىنى مەدھىيەلەش مەنىسىدىكى لەقەم ياكى ئۇنى چۈشۈرۈش مەنىسىدىكى لەقەم بولسۇن ئۇنىڭ كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىدىن باشقا، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئۇ يۇمۇر-چاقچاققا خۇرۇچ بولۇپ، پائالىيەتنى قىزىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**4. نۆۋەتتە لەقەم قويۇشنىڭ تەدرىجىي ئازلىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە لەقەم قويۇشتىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر**

ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ خېلى زور بىر قىسمىنىڭ يوقىلىشى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، يېڭىچە سانائەت ۋە ھۈنەر - سەنئەت شەكىللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ئىشلىتىلىپ كەلگەن بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلىتىلمەيدىغان، ئىشلىتىلسىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج بارغانسېرى تارىيىۋاتقان بولغاچقا، بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ھۈنەر-كەسىپلەر يوقالدى ياكى ئۇ خىل ھۈنەر - كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارغانسېرى ئازايدى. بۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدە شۇخىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا قويۇلىدىغان لەقەملەر بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن يىراقلاشتى. بۇ خىل كەسىپلەرنى لەقەم قىلغان يېڭى كىشىلەرمۇ مەيدانغا كەلمىدى.

كىشىلەرنىڭ بىلىم ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئۇلتۇراقلىشىش جەھەتتىكى رايون ئايرىمىسىنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى، كىشىلەرنىڭ پەن مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن قەستەن قويۇلىدىغان، لەقەم قويۇلغۇچىغا ئېغىر ھاقارەت ياكى پىسخىك بېسىم پەيدا قىلىدىغان لەقەملەرنى قويۇش ئەھۋاللىرى ئازايدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر يۇرت، كەنت ۋە مەھەللە قاتارلىق رايون ئايرىمىلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىقكە ئايرىلغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ مەلۇم كىشىنى ئوخشاش ئىسىملىكلەردىن پەرقلەندۈرۈش مەقسىتىدە لەقەم ئىشلىتىش ئېھتىياجى ئازايغان. كىشىلەر مەلۇم كەنت، مەھەللە ئىسمى ئارقىلىق ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان بولغان.

لەقەملەرنىڭ قويۇلۇشىدىكى بەزى يېڭى يۈزلىنىشلەر، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى ھۈنەر-كەسىپلەر ۋە باشقا يېڭى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى يېڭىچە ئېھتىياجلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ لەقەم قويۇشتىمۇ بەزىبىر يېڭى يۈزلىنىشلەر مەيدانغا كەلدى. بەزى يېڭى بارلىققا كەلگەن كەسىپلەر يېڭى لەقەملەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولدى. مەسىلەن، يۈسۈپ لېنتۇك (بىرلەشمە خەۋەرلىشىش)، ئەخەت يىدۇك (كۆچمە خەۋەرلىشىش)، مۇسا مايچى (بېنزىن، سالياركا قاتارلىق يېقىلغۇ مايلارنى ساتقۇچى)، ئېلى جاڭشۇچى (جۇاڭشۇ-ئۆي بېزەش)، تۇسۇن خوك (خوك-چەت ئەل كىنوسىدىكى بىر پېرسوناژنىڭ ئىسمى) دېگەندەك.

ئومۇملاشتۇرغاندا، لەقەملەر ئۇيغۇرلارنىڭ نام-ئاتاق قويۇش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتىكى روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ كەڭ ئاممىۋى ئاساسى، ئىشلىتىلىش جەھەتتىكى جانلىقلىقى بىلەن تۇرمۇشىمىزدا زور رول ئويناپ كەلمەكتە. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ئۇيغۇرلاردىكى فامىلە ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملاشماسلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان دېيىشكە بولىدۇ. لەقەملەرنى قېزىش، تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش نۆۋەتتىكى فامىلە قوللىنىش تەكىتلىنىۋاتقان دەۋرىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەلۋەتتە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئابدۇرۇپ پولات: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىغا دائىر ئىككى مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992-يىللىق 3-سان.

2. ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا فامىلە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىلى 12-ئاي نەشرى.

3. ئىسمەت قاسىم: «قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ لەقەم ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1998-يىللىق 3-سان.

4. ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئۇيغۇر لەقەملىرى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2004-يىللىق 2-سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2010-يىللىق فولكلور كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# خوتەندىكى چار بازارچىلىق

**مۇتەللىپ ئىقبال**

چار بازارچىلىق ئەنئەنىۋى جەمئىيەتكە خاس بولغان
بىر خىل ھادىسە بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
ئوخشىمىغان شەكىلدە چار بازارچىلىق ھادىسىسى مەۋجۇت
بولغان. بازار گەرچە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشنى ۋاستە قىلىپ
راۋاجلانسىمۇ، ئەمما بازارنىڭ خاراكتېرى بۇ خىل كاتېگو-
رىيەدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. خەلقىمىز تۇر-
مۇشىدا بازار تاۋارلارنى ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەت تارقىتىش، كۆڭۈل ئېچىش
سورۇنى بولۇپ كەلگەن. خەلقىمىز بازاردا نۇرغۇنلىغان يې-
ڭىلىقلارنى كۆرگەن، بىلگەن، يېڭى ئىشلاردىن خەۋەردار
بولغان. بازاردا مەدداھ-ۋائىزلار قىسسە-ھېكايە سۆزلەپ
كىشلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتقان. ئەنئەنىۋى جەم-
ئىيەتتە ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت بازارنى يوشۇرۇن ۋاس-
تە قىلىش ئارقىلىق ئەتراپقا تارقالغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقان-
دا بازار نۇرغۇنلىغان ئىككىلەمچى خاراكتېرگە ئىگە بولغان
بولىدۇ. شۇڭلاشقا بازار ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ مۇھىم تەت-
قىقات تېمىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەتشۇناس-
لارنىڭمۇ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى. بۇ ماقالىدە ئاساسلى-
قى خوتەن رايونىدىكى ئەنئەنىۋى بازار ھادىسىسى — چار
بازارچىلىقنىڭ شەكىللىنىش، گۈللىنىش ئەھۋالىنى تۇتقا
قىلىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى بازارنىڭ خەلقىمىز تارىخىدىكى
ئورنى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ۋەھالەنكى، بۈگۈنكىدەك زامانىۋى سودا-سارايلار،
تاللا بازارلىرى ۋە تور بازارلىرى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىلا

چار بازارچىلىق ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى-
غا ئايلانغانىدى. خوتەندە مىلادىيەدىن نەچچە ئەسىر ئىل-
گىرىلا بازار پەيدا بولۇپ، سودا-سېتىق ۋە مال ئالماشتۇ-
رۇش راۋاجلانغان. «خوتەن ... سودىگەر، ئەشرەپلەر
تەرەپ-تەرەپتىن قانچە كۆپ پۇل ئېلىپ كېلىپ مال ئال-
سىمۇ، پۇلى تۈگەپ كەتسە كېتىدۇكى، مال تۈگەپ كەت-
مەيدۇ»①غان يۇرت بولۇپ، يازمىلاردا: «خوتەن ناھايە-
تى قەدىمىي شەھەردۇر. ھەممە ئادەملىرى كاسىپ-ھۈنەر-
ۋەن ... ھۈنەرنى كامالىغا يەتكۈزۈپ، خېرىدارلارغا
ئوبدان كۆرسىتىپ قولىدىن ئۈتكۈزۈشكە ماھىر خەلقتۇر.
خوتەندىن يىپەك كۆپ چىقىدۇ، ئالتۇن كانى ۋە قاشتېشى
كانىمۇ بار. باشقا شەھەرلەرگە خوتەندىن ھەر تۈرلۈك
مال چىقىرىلىدۇ. ھەرگىز پۇل چىقمايدۇ»② دېيىلىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە بازار ھەمىشە قەلئە (شەھەر)لەر
بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شەھەر بىلەن بازارنىڭ
مۇناسىۋىتى چەمبەرچاس باغلىنىپ، ماددىي شارائىتنىڭ
ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.
بازار مۇقىم ئورۇن، شەكىل ۋە ۋاقىتقا ئىگە بولغان بازار-
لار بىلەن، يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ئېلىم-سېتىم تۈرى ھەمدە
ۋاقتى قەرەلى بولمىغان بازارلاردىن ئىبارەت ئىككى
تۈرگە ئايرىلغان. چار بازارچىلىق دەل يۆتكىلىپ سودا-
سېتىق قىلىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. چار بازار — ھەپتىنىڭ
ھەرقايسى كۈنلىرىدە مەلۇم بىر يۇرتنى بىرلىك قىلىپ
ھەرقايسى يېزا-كەنتلەردە قىزىيدىغان يېزا-بازىرىنى كۆر-
سىتىدۇ ۋە بازارمۇ بازار يۆتكىلىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلى-
دىغان كىشىلەر «چار بازارچى» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەپتى-
دىكى يەتتە كۈننىڭ نامى تەرتىپ بويىچە شۇ بازارلارنىڭ
نامى قىلىنىدۇ. مەسىلەن، دۈشەنبە كۈنى بازار ئۆتكۈزۈلى-
دىغان يۇرت ۋە شۇ بازارنىڭ نامى دۈشەنبە بازار بولىدۇ.
سەيشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بازار سەيشەنبە بازار بو-
لىدۇ. «خەننامە»دە خاتىرىلەنگەن 36 بەگلىك ئىچىدە
نىيە، ئۇدۇن، ئۇزۇنتات قاتارلىق شەھەر-قەلئەنىڭ بەگ-
لىكلەردە بازارلار شەھەر-قەلئەلەرنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بې-
رىلغان. ئىسلام دىنى خوتەنگە تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن
مەسچىت كىشىلەر توپلىشىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى
بولۇش سۈپىتى بىلەن، بازارلار كۆپىنچە مەسچىتلەر ئەترا-
پىغا يۆتكەلگەن. تارىخىي يازمىلاردا كۆرسىتىلىشىچە چار
بازار ھەر جۈمە كۈنى خوتەن ھېيتگاھ جامەسى ئالدى،
«يورۇڭقاش بازىرى»، «ئىمامى ئاسىم تاۋاپگاھى»،
«كۆكمارىم سەيلىگاھى»، «ئىمامى مۇسكازىم»، كېرىيە
جەمەسى يېنىدىكى تاختا كۆۋرۈك، قارىقاشتىكى «كالا با-
زىرى»، گۇما «دۈشەنبە بازار» قاتارلىق جايلاردا قىزىپ
جۈمە نامىزىدىن يانغان جامائەتنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئادەم
دېڭىزى ھاسىل بولغان. بۇ بازارلاردا «توخۇ سۈتىدىن
باشقا نەرسە تېپىلىدىغان» بولغاچقا، يەنە كېلىپ مەدداھ-
لىق، مەشرەپ ۋە تۈرلۈك ئاممىۋى تەنتەربىيە ئويۇنلىرى-
مۇ ئوينالغاچقا كىشىلەرنى بەكمۇ جەلپ قىلغان. ئوتتۇرا
ئەسىردە خوتەن رايونىدىكى شەھەرلەردە مۇقىم تىپتىكى
بازارلار بارلىققا كېلىش بىلەن بىللە مەھەللە-ئايماقلاردا
چار بازارچىلىق ئىنتايىن جانلانغان.

20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ بوستانلىق-
لاردىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش چار بازار ئارقىلىق،
ھەرقايسى ناھىيەلەرنى بىرلىك قىلىش ئاساسىدا راۋاجلان-
غان. گۇما، قارىقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە
قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ مەركىزىدە يەكشەنبە كۈنى ئەڭ
چوڭ بازار بولىدۇ. ھەربىر ناھىيەنى بىرلىك قىلغان ئا-
ساستا يېزىلاردا دۈشەنبە بازار، سەيشەنبە بازار، چارشەنبە
بازار، پەيشەنبە بازار... قاتارلىق كۆلىمى كىچىكرەك تىپ-
تىكى بازارلار قىزىيدۇ (مەيلى مەركىزىي بازارلار ياكى
يېزا - بازارلىرى بولسۇن كوچا رەستىلىرىنىڭ ئۈستى يې-
پىلغان، بازارغا كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزلىرىدا دەرۋازىلى-
رى بولغان بولۇپ گۇگۇم يېقىنلاشقاندا بازار دەرۋازىلى-
رى تاقىلىپ، كېچىسى جىسەكچىلەر تەرىپىدىن چارلاپ تۇ-
رۇلغان). ھەرقايسى ناھىيەلەردىكى بۇنداق چوڭ تىپتىكى
بازارلار قالغان ئالتە كۈندىكى بازارغا نىسبەتەن سودىدا
ۋە تەمىنلەشتە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

ئادەتتە يېزا - بازارلاردىكى كىچىك بازارلاردا پۈت-
مىگەن سودا، ئېلىم-سېتىم ئىشلىرى ناھىيە بازىرىدىكى
چوڭ بازاردا ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ كېتىدۇ. مەسى-
لەن، قارىقاش ناھىيەسىدە 16 يېزا-بازار بولۇپ، ھەپتە
ئارىلىقىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە
قاتارلىق بازارلاردىن ھەربىر كۈندە ئىككى-ئۈچ ئورۇندا
قىزىيدۇ. بۇ بىر جەھەتتىن ئالماشتۇرۇش ۋە تەمىنلەشنىڭ
تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر جەھەتتىن
بازار قىزىيدىغان ئورۇننىڭ يىراق-يېقىن بولۇشى قاتارلىق-
لار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۈگۈنكى كۈندە بەزى يېزا-با-
زارلىرى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن
ناھىيە بازىرى بىلەن تەڭداش ئورۇندا تۇرالايدۇ. مەسى-
لەن، قارىقاش ناھىيەسىنىڭ كۈيا يېزىسىدا، خوتەن ناھىيە-
سىدە ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ يورۇڭقاش بازىرىدا قىزىيدىغان

بازارلار ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جۇغراپىيەلىك مۇھىتىدىن ھالقىپ، باشقا ناھىيەلەردىكى تىجارەتچىلەرنىمۇ جەلپ قىلـ ماقتا. خوتەندە چار بازارچىلىق زادى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ شەكىللەنگەن؟ بىز خوتەننىڭ قەدىمكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى، ئارخېئولوگلىرى، جەمئىيەتشۇناسـ لىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىدىن قىسقىغىنە مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. نىيە ناھىيەسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى 432ـ، 579ـ، 592ـ نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە گىلەم سوـ دىسى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 592ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە «بىر قىزنى سېتىپ، ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن 30 مولغا يارايدىغان بىر تۆگە ۋە بىر پارچە ئۇدۇن گىلىمىگە ئېرىشتىم»③ دېگەن بايانلار بار. 11ـ ئەسىردىـ كى پارس ئاپتورى گىردىزى «بۇ ۋىلايەتتە مېۋە ـ چېۋىلەر بەك كۆپ ئىكەن... يىپەكمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. كىيىم ـ كېچەك يىپەك رەختتە ئەتتۈرۈلىدىكەن. ئۈجمە دەـ رىخى شۇنچىلىك كۆپكى، ئادەم بېشىغا 2000 تۈپتىن توغرا كېلىدىكەن. ئۈزۈم ۋە ھەرخىل نەشپۈتلەرمۇ كۆپ ئىكەن...» ④ دەپ يازغان. ۋ. ۋ. گىرىگورىيېف خوتەن ۋادىسىدىكى يەرلىك سودا ـ تىجارەتچىلەر ۋە بازار ئەھۋالى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ: «بۇ يەردىكى سودا ـ تىجارەتچىلەر مال بىلەن مالنى ئالماشـ تۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى، تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق ۋاستە بۆز، يىپەك ۋە ئاشلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. مۇشۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىنىڭ مۇئەييەن مىقدارى بىلەن باشقا ھەرقانداق بىر تاۋارنىڭ باھاسى بەلگىلىنەتتى. بۇ يەردە جۈمە كۈنى بازار كۈنى ھېسابلىنىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلاتتى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارـ غان مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇراتتى»⑤.

«تالڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇن تەرەققىي قىلغان شەھەر خانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى ھەربىر كىچىك شەھەردە سودا بازارلىرى بولغان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپىيىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ سودا ـ بازارلىرىنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرغان. ئۇدۇن شەرق سودىگەرلىرى بىلەن غەرب سودىگەرلىرى مال ئالماشتۇرىدىغان بېكەتـ لەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەـ نىشىچە، شۇەنزاڭمۇ بۇ يەرگە سودىگەرلەر بىلەن بىللە كەلگەن. ئۇدۇن بازىرىنىڭ تاۋارلىرى خىلمۇخىل، ئۆزى ئاۋات بولۇپلا قالماستىن، يەنى باھا پەرقى مۇۋاپىق بېكىـ تىلگەن» ⑥. شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە توختىماي پائالىيەت قىلىپ يۆتكىلىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەردىن ئۇدۇنغا كېلىدىغانـ لار كۆپەيگەچكە ئۇدۇن بەگلىكى دۆلەت مەكتۇپى (يول خېتى) تەكشۈرۈشكە مەخسۇس ئەمەلدارلارنى قويۇپ، ماللارنى تىزىملاتقان ھەمدە زۆرۈر رەسمىيەتلەرنى بېجىـ رىپ، سودىگەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان ۋە ھەرخىل سودا ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلغان ⑦. يول خېتى يوقلارنىڭ ئۇدۇن شەھىرىگە كىرىپ، سودا ـ سېتىق قىلىشى ۋە قايتىشى تەس بولغان. يول خېتىدە خەت ئىگىـ سىنىڭ ئىسمى، يېشى، بارار جايى، ئېلىپ ماڭغان نەرسىسى قاتارلىقلار تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھەرقايسى توسۇق ئېغىزلىرىدا سودىگەرلەرنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىـ دىغان مۇھىم ئاساس بولغان.

خوتەندىكى چار بازارچىلىقنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تەـ رەققىياتى ھەققىدە ماتېرىياللار خېلى كۆپ. قاراقاشلىق ئاـ تاقلىق شائىر ئەھمەدشاھ قاراقاش «سالامنامە» ناملىق شېئىرىدا خوتەندىكى چار بازارچىلىق ھەققىدە كىچىككىنە ئۈچۈر بېرىدۇ:

«ساتاي دەپ ئانچىنان قىلدىم سېلىپ ھەر ھەپتە بازارى،
بۇ ئاتنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ يېقىن كەلمەس خېرىدارى،
يامانلىق شۆھرىتى بولدى خوتەن بازارىدا جارى،
كىشىكىم قاچتى كۆرگەندە ئېلىپ بارغىل دېبان نارى،
قىلىپتۇرمەن بۇ ئات بىرلە تېخى شۇنچە زالالەتتە.»
«بىزار بولدۇم بۇ ئاتتىن ھەر كۈنى بازارغا ئېلىپ چىقتىم،
تىلىگەنگە ساتاي مەن دەپ بۇ سۆزنى ئۆيدە دەپ چىقتىم...»

ئەھمەدشاھ قاراقاش بۇ يامان خۇيلۇق، قىلىقى ناچار ئاتنى بازاردا سېتىۋەتمەكچى بولىدۇ. ئەمما بۇ يامان خۇيلۇق ئاتنىڭ ئەيىبىنى ھەممە ئادەم بىلىپ يەتكەچكە، ئۇنى ئالىدىغان بىرەرى چىقمايدۇ. ئۇنى ئاخىرى ھەر بازار ئاپىرىپ سېتىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى يازىدۇ. گەرچە «سالامـ نامە»دە تەسۋىرلەنگەن ئات بەدىئىي يۇكسەكلىككە كۆتۈـ رۈلگەن يامان خۇيلۇق ئات بولسىمۇ، ئەمما ئەھمەدشاھ قاـ راقاشنىڭ ئۇنى ھەر كۈنى، ھەر ھەپتە بازارغا سالغانلىقىدەك رېئاللىستىك تەسۋىرىدىن خوتەننىڭ 19 ـ ئەسىرلەردىكى چار بازارچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى نىيە بازارلىرى ھەققىدە پېرژېۋالىسكىي مۇنداق يازىدۇ: «نىيەدە مۇقىم ماگىزىن يوق. پەقەت ئۇن كۈندە بىر كېلىدىغان بازار

بار»، «كىرىيە بوستانلىقىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇب بۇرجىكىدە بىر بازار بار»، «شۇ كۈنى لوپنىڭ قەرەللىك بازىرىمۇ ۋاقتىنچە بىكار قىلىندى». «بىز قاراسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خوتەن چېگراسى ئىچىدىكى يورۇڭقاش بوستانلىقىغا كىردۇق. بوستانلىق يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەرگە ئوخشاش خېلى چوڭ بازىرى بار ئىدى. بازار كېرىيە بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى چوڭ يول ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلەتتى. بۇ بازارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىمۇ ياخشى، باشقا بوستانلىقتىكى بازارلارغا ئوخشاپ كېتەتتى»، «تەۋەككۈل كەنتىدىكى ئاھالىلەر ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. يەنى نۇرغۇن قويلارنى باقىدىكەن. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كىچىك كۆلەملىك بازار بولىدىكەن» ⑧. ياپونىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى تاجىبانا زىچىيۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خوتەن بازىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك يازىدۇ: «باشقا مەھسۇلاتلىرىدىن قاشتاش، كېپەك ئالتۇن، ئىپار، خام مەشۇت داڭلىق ئىدى. تولۇقلىما ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر ھەقىقەتەن مول بولۇپ، ھەپتىدە بىر كۈن قىزىيدىغان بازارغا ئەتراپتىكى ئاھالىلەر چۈمۈلىدەك توپلىشىپ، بازارنى تەسەۋۋۇرىمىزدىن بەكرەك قىزىتىۋېتەتتى. بۇ كۈندە ھەر خىل تىجارەتچىلەر ئوچۇقچىلىقتا ماللىرىنى تىزىپ قويۇپ، بازارنى ئاجايىپ ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتەتتى» ⑨. نۇشىرۋان يائۇشېف خوتەننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بازىرى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «شەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىدە بازار بولىدۇ. بازاردىمۇ خوتۇن ـ قىزلار ئەرلەر بىلەن بىللە مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدۇ، خوتەننىڭ بازىرى بەك قىزىق بولىدۇ» ⑩. ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ئاۋرېل ستەيىن ئەينى ۋاقىتتىكى قاراقاش بازىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك يازىدۇ: «سەھەردە بىز زاۋادىن خوتەنگە بارىدىغان چوڭ يول بويىغا جايلاشقان بورازان رايونىنىڭ بازىرى بولغان بىزلىيدىن ئۆتتۇق. دۈشەنبە كۈنى دەل بۇ يەردە بازار بولىدىغان كۈن بولغاچقا قاتار كەتكەن يايمىچىلار ۋە دۇكانلارنىڭ ئالدى ئاللىقاچان دېھقانلار بىلەن تولغانىدى. لېكىن مېنىڭ دىققىتىمنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى قاراقاشتىن بىزلىيگە بارىدىغان يولنى بويلاپ كېتىۋاتقان تىجارەتچىلەر ئىدى. ئالدىنقى كۈنى قاراقاشنىڭ ھەپتىدە بىر بولىدىغان بازار كۈنى بولغاچقا، تىجارەتچىلەر ئاشقان مېلىنى ئېلىپ، بۈگۈن يەنە ئالدىراش بىزلىيگە قاراپ كېتىشىۋاتاتتى. داۋاملىق مۇشۇنداق بازارلار ئارىسىدا چېپىپ يۈرىدىغان بەدىردىن ماڭا بۇ بوستانلىقتا كونا شەھەر، يېڭى شەھەر، يورۇڭقاش، سامپۇل، ئىمامى مۇسا كازىم، بىزلىي ۋە قاراقاش قاتارلىق يەتتە ئاساسلىق بازار بارلىقىنى، ھەر ھەپتىسى نۆۋەت بويىچە ئۇلارنىڭ بىرىدە بازار بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى» ⑪. دېمەك، چار بازارچىلىقنىڭ خوتەندىكى تارىخي تەرەققىياتى يۇقىرىقى بايانلاردا ئېنىق كۆرسىتىلىپ، بىرقەدەر چوڭ بازارلار تىلغا ئېلىنغان. ھەر بىر بازارنىڭ مەلۇم كۈندە قىزىيدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چار بازارچىلىق خوتەندە خېلى زور يۈكسىلىشلەرگە ئىگە بولغان. خوتەندىكى ھازىرقى چار بازارچىلىقنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا بازارلار تۈرلەر بويىچە كەسىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. مەسىلەن، مال بازىرى، ياغ بازىرى، گۆش بازىرى، ئاياغ بازىرى، كۆكتات بازىرى، ئاشلىق بازىرى، دوپپا بازىرى... دېگەندەك.

بۈگۈنكى كۈندە خوتەندە «خەلقئارا چوڭ بازىرى»، «پىيادىلىكلەر بازىرى» ۋە ھەر خىل نامدىكى تاللا بازارلىرى، چوڭ تىپتىكى توپ مال تارقىتىش بازىرى قاتارلىق بازارلار بارلىققا كەلدى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بازارلاردۇر. ئەمما خوتەن ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مۇھىتى بىر قەدەر كۈچلۈك رايونلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن چار بازارچىلىق بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر قەدەر ئۇزاق داۋاملىشىدىغان ھادىسە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

①، ② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخي ھەمىدى». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

③ مەمەتئابدۇللا مەتىسدىق: «خوتەننىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى سودا تەرەققىياتى توغرىسىدا»، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 3 ـ سان، 106 ـ ، 107 ـ بەتلەر.

④، ⑤ د. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ نەشرى 84 ـ ، 115 ـ بەت.

⑥ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.

⑦ داۋۇت ساۋۇت: «شىنجاڭ سودا بازارلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 67 ـ بەت.

⑧، ⑨، ⑩، ⑪ ئابدۇللا سۇلايمان (تۈزگەن): «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى خوتەن»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 2 ـ ، 72 ـ ، 27 ـ ، 47 ـ ، 68 ـ ، 172 ـ ، 213 ـ بەتلەر.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ نومۇر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور كەسپى 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# قىلىچ بۇغراخان قەبرىگاھى



تۇرغۇنجان ئۆمەر

قىلىچ بۇغراخان مازىرى ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئازاق يېزىسى مېيى كەنتىگە جايلاشقان.

بۇ مازار مىلادى 10- ئەسىردە بىنا قىلىنغان بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇ يەرگە قاراخانىيلار پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا ئالدىنقى قاتاردا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ھەربىي سەركەردىلىرىنىڭ بىرى ئوردو قارۇقباشى، ئوردو ئاغىسى قىلىچ بۇغراخاننىڭ جەستى دەپنە قىلىنغان. بۇ مازارنى يەرلىك كىشىلەر «قىلىچ بۇغراخان»، «قىلىچ بۇغرا»، «قىلىچ خېنىم»، «قىلىچ بەگ»، «قىلىچ» مازىرى دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

تارىخشۇناس ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى ئۆزىنىڭ «ئاتۇش» ناملىق 2- كىتابىدا «قىلىچ بۇغراخان»نىڭ قەبرىگاھى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بەرگەن: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دىنى قىلىپ جاكارلىغاندىن كېيىن تارىخىي مەزگىللەردە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر رەھبەرلىرى ۋە ھەربىي سەركەردىلىرى تۈرلۈك سۈپەت ناملىرى بىلەن ئاتىغانلىقى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئايان. مەسىلەن، «قىلىچ بۇغراخان»، «ئارسلانخان»، «بۇقاخان»، «قوشقار ئاتام»، «بۆرەتېكىن»... قاتارلىقلار.

قىلىچ بۇغراخاننىڭ مېيى كەنتىگە دەپنە قىلىنىشىدا تۆۋەندىكىدەك يەنە بىر رىۋايەتمۇ تارقالغان بولۇپ، بۇ

رىۋايەتتە ئۇدۇن بۇددىستلار قوشۇنى قەشقەردىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىيلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك ئۇرۇش بولۇپ، ئۇرۇشتا ئۇدۇن بۇددىستلار قوشۇنلىرى غەلىبە قىلىپ، قىلىچ بۇغراخان شېھىت بولغان، قىلىچ بۇغراخاننىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى، ئوردا ئەمەلدارلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ نەق مەيدانغا ھازىر بوپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ھەربىي مەشىق بازىسى، قىلىچ بۇغراخاننىڭ ئويناپ ئۆسۈپ يېتىلگەن يۇرتى مېيى كەنتىگە دەپنە قىپتۇ. قىلىچ بۇغراخان روھىغا ئاتاپ قوي، كالا، تۆگە سويدۇرۇپ كەڭ خەلققە نەزىر بېرىپ دۇئا-تىلاۋەت قىپتۇ. ئۇنى يات ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن قەبرە ياستىپتۇ، مەسچىت سالدۇرۇپتۇ، ئەتراپىدىن يەر-زېمىنلارنى سېتىۋېلىپ بۇ مازارغا ۋەخپە قىلىپ بېرىپتۇ، مازارغا شەيخ بەلگىلەپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مازار ئۇلۇغلىنىپ تىلاۋەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بوپتۇ.

قىلىچ بۇغراخان قەبرىگاھى ۋە مەسچىتى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن تارتىپ ھازىرغىچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە قايتا ياسالغان. قىلىچ بۇغراخاننىڭ مازىرى ۋە مەسچىتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇش شەكلى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن ئاغزاكى بايانلارغا قارىغاندا، مەسچىت دەسلەپتە ياغاچ تۈۋرۈكلۈك، ۋاسا دەرمان، مېھرابلىق، تۈز تورۇسلۇق شەكلىدە بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش خام كېسەك، توپا، لاي، ياغاچتىن ياسالغان، يان ۋە ئۈستى تەرەپلىرى پەنجىرىلىك قۇرۇلۇش ئىكەن. قەبرىگاھ بولسا مەسچىتنىڭ سەل شىمالىدا بولۇپ، قۇرۇلمىسى ئۈستى ھەشەمەتلىك گۈمبەز،، گۈمبەزنىڭ تۆت ئەتراپىدا مۇنارلىرى بار. ئاستى چاسا شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ تاملىرىغا ئويۇقلار ۋە تەكچىلەر چىقىرىلغان، مازارنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. مازارنىڭ ئىچىدە خام خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ چىرايلىق سۇۋالغان بىر قەبرە بولۇپ، ئۇنى مېھرابسىمان ياغاچ پەنجىرىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. مازار قەبرە، تىلاۋەتخانا، ئىبادەتخانا، شەيخ ئۆيىدىن تەركىب تاپقان. مازارنىڭ ھازىرقى قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن ئىسلام دىنى ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلۈپ سېلىنغان قۇرۇلۇش بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئانچە ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنمىغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان، مازارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا مازارنىڭ ئاساسى گەۋدىسى تۆت تەرىپى ئوخشاشلا ئالتە مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 24 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چاسا شەكىللىك ئۆي بولۇپ خام خىش، توپا، لاي بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۆينىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىزلىكى يەر يۈزىدىن تۆت مېتىرچە كېلىدىغان گۈمبەز چىقىرىلغان. مازارنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. مازارنىڭ ئىچىدە خام خىش، لاي بىلەن قوپۇرۇلۇپ كاكىل لاي بىلەن چىرايلىق قىلىپ سۇۋالغان بىر قەبرە بار بولۇپ، ئۇنى ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. مازار ئومۇمي جەھەتتىن ئالغاندا ئالدى تەكشى، يۈزى چاسا شەكىللىك، ئۈستى يۇملاق گۈمبەز تورۇسلۇق، كېسەك، توپا، لاي قۇرۇلمىلىق بولۇپ، مازارنىڭ ئىشىكىدىن باشقا يەرلەرگە ياغاچ ياكى پولات قاتارلىق ماتېرىياللار زادى ئىشلىتىلمىگەن، تۈۋرۈك قويۇلمىغان، تۈڭلۈك، پەنجىرە ئورنىتىلمىغان، ئويۇق، تەكچە، مېھراب چىقىرىلمىغان، مازار شەرقتىن-غەربكە يۆنىلىشتە بولۇپ، پۈتكۈل قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئۆزگىچە، مازارنىڭ ئىچى ۋە سىرتى كاكىل لاي بىلەن ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ سۇۋالغان. مازارنىڭ يېنە بىر ئالاھىدىلىكى مازار ئائىلە ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۈچ تەرىپى يەرلىكلەر



0
1
3



ئۆيلىرى بىلەن ياندىش، مازارنىڭ ئالدى تەرىپى مېيى كەنت چوڭ يولى ۋە ئۆستەڭگە قارايدۇ. مازارنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر گۈزەل باغ ۋە قورۇ-جاي بار. مازارنىڭ غەرب تەرەپىدە بىر كىچىك ئېرىق، يول، ئائىلىلەر، قەدىمي چوڭ قەبرىستانلىق، شەرق تەرىپىدە مەسچىت (1990-يىلى قايتا سېلىنغان)، قەدەمىي بىر كىچىك قەبرىستانلىق، ئائىلىلەر بار. مازارنىڭ ئالدى-ئارقا، يان تەرەپلىرىدە تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ئۆرۈك دەرەخلىرى بولۇپ، مازار، مەسچىت، ئائىلىلىك، يول، ئۆستەڭ، سۇ قۇدۇقى قوشۇلۇپ بۇ مازارنى تولىمۇ سىرلىق، تولىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ.

بۇ مازارنىڭ ئاتۇش، قەشقەر شەھىرى بويىچە خېلىلا نامى بار بولۇپ، بۇرۇن ھەر يىلى ھېيت - ئايەم كۈنلەرى ھەرقايسى يۇرتلاردىن كىشلەر مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلاتتى. شېھىتلەر روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ بېرىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ تۇراتتى. نورۇز بايراملىرىنى، زاراخەتمەلەرنى (قۇرئان ئوقۇش)، بارات ئېيى پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى.

قىلىچ بۇغراخان مازىرى ئەسلىدە مەسچىت، تىلاۋەتخانا، مەدرىس، گۈمبەز، مۇنار قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار ئەينى دەۋرلەردە ۋە يېقىنقى مەزگىللەردە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ مەسچىت، تەلاۋەتخانا، مەدرىس، شەيخ ئۆيى، كۈتۈش ئۆيى بۇزۇلۇپ تۈزلىۋېتىلگەن، پەقەت قىلىچ بۇغراخاننىڭ يالغۇز گۈمبەزلىك قەبرىسىلا ساقلىنىپ قالغان، كېيىن 1990-يىلىغا كەلگەندە مەسچىت ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قىلىچ بۇغراخاننىڭ يېنىغا يېڭىدىن مەسچىت سېلىنغان. مېيى خەلقى قىلىچ بۇغراخان مازىرىنىڭ نامىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن نەچچە قېتىملاپ قەبرە قاتۇرۇپ، ئۇزاق ئەسىرلەرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنىڭ، تەبىئىي ئامىللارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ، ئۇلۇغلاپ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئاسراپ، رىبونت قىلدۇرۇپ كەلگەن.

قىلىچ بۇغراخان ئۇلۇغ تارىخىي شەخس بولۇپ، ئۇ تارىختا ئۆلمەس تۆھپە ياراتقان، ئۇ قاراخانىيلار پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ھەمكارلىشىپ خاندانلىقنىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشى، كېڭىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان، قىلىچ بۇغراخان مازىرى قىممەتلىك مەدەنىي مىراس بولۇپ، ئۇ مېيى تارىخى، ئاتۇش تارىخى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، قاراخانىيلار تارىخىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

مېيى كەنتىدە يەنە قىلىچ بۇغراخاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «ماھى تابان قىلىچ بۇغراخان مەھەللىسى، ئەلرازى ماگىزىنى»، «قىلىچ بۇغرا ماگىزىنى» قاتارلىق سودا دۇكانلىرى بار.

«قىلىچ بۇغراخان»، «قىلىچ»، «قىلىچ خېنىم»، «قىلىچ بەگ»، «قىلىچ بۇغرا» قاتارلىق كوچا، مەھەللە، يەر ناملىرى بار، شۇڭا مېيى خەلقى ئۆزلىرىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەر تەرەپ تۇغقانلىرى، پادىشاھ، سەركەردىلەرنىڭ ئەۋلادى، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما ئۇرۇقىدىن دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان يىراق-يېقىندىكى كىشىلەر بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى ياد ئېتىپ كەلمەكتە. 50-يىللارغا قەدەر ئات-ئۇلاغلىق كىشلەر مازارغا 50 مېتىر قالغاندا ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ مازارغا دۇئا قىلىپ ئاندىن سەپىرىنى داۋام قىلاتتى. ھازىرمۇ چىش ئاغرىقى، كۆز، قۇلاق ئاغرىقى ۋە ھەر خىل جاراھەتلەر داۋاسى ئۈچۈن كېلىدىغان ھاجەتمەنلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ مازارغا مەمتىلى شەيخ، ياسىن موللا شەيخ، ئىمىن شەيخ (1961-يىلى 56 يېشىدا ۋاپات بولغان) قاتارلىق شەيخلەر ئىگدارچىلىق قىلغان.

(ئاپتور: ئاتۇش يېزا مېيى باشلانغۇچ مەكتەپتە)

# مىراس قىزغىنلىقى ۋە مەشرەپ تەتقىقاتى



خۇدابەردى ئابىخان

يېقىندىن بۇيانقى مىراس قىزغىنلىقىنىڭ دۇنياۋى تەسىرى ماكان ـ زامان ھالقىپ بىزگىچە يېتىپ كەلدى. بۇ، بىر مىللىي توپ ياكى قوۋمنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلىشىۋاتقان ئەنئەنە ھەققىدىكى قارىشىنى يوقىتىپ قويۇش خەۋپىنى ھېس قىلغان سەگەك كىشىلەرنىڭ ئەندىشىلىك خىياللىرىدىن كېيىن پەيدا بولغان سۇبيېكتىپ قىزغىنلىقى بولماستىن بەلكى زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنىنىڭ ئۇزاق يىللىق دىيالوگىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مۇئەييەنلىك ئىدى. شۇ ۋەجىدىن پارتىيە، ھۆكۈمىتىمىز بۇ ئىشقا تېخىمۇ جىددىي قاراپ، ئەھمىيەت بەردى. قاتلاممۇ قاتلام تەتقىقات، قوغداش بىر گەۋدە قىلىنغان مەخسۇس ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇردى. ھەرقايسى ئورۇنلارمۇ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆپرەك مىراسقا ئىگە بولۇش، مەدەنىيەت كىملىكىدە ئۆزىنىڭ تۇتقان ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە قېزىش، رەتلەش، تۈر يوللاش ئىشلىرىدا قىزىپ

كەتتى. مەدەنىيەت مۇھىتىمىز ئۆزىنىڭ تاشلىنىپ قالغان تارىخىي خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ، يوقلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان بىر قىسىم مىراسلىرىمىز بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈپ قوغداش تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

ئەمما شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ خىل قىزغىنلىق مىراس تەتقىقاتى، تۈر يوللاش، بېكىتىش، تەستىقلاش جەريانلىرىدا، مىراسلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، تارىخىي قىممىتى، ئېكولوگىيەسى، خاسلىقى، زامان ۋە ماكان خاراكتېرى تولۇق نەزەرگە ئېلىنماسلىقنىڭ سىرتىدا، يەنە تەكرار بولۇش، ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بېكىتىش، قوغداش جەھەتلەردە مىراس پەيدا بولغان، ئىختىرا قىلىنغان ئەسلىي توپ ۋە مەدەنىيەت بوشلۇقىغا سەل قاراشتەك خاتالىقلارنىڭ كۆرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. بىز باشقا تەرەپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، مەشرەپ تەتقىقاتى ئۈستىدە توختىلىپ كۆرەيلى.

مەشرەپ مۇقاملىرىمىزدىن قالسىلا مەدەنىيەت خەزىنىمىزدە چاقناپ تۇرىدىغان بىباھا گۆھەر. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە ئوخشاشلىقى يوق، كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك مىراس. ئۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا، ناھايىتى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قوغداش تۈرلىرىگە كىرگۈزۈشتى ۋە يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، قوغداش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە، تۈرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئوينىلىۋاتقان يەرلىك مەشرەپلەرنى سىنىغا ئېلىپ، ئارخىپلاشتۇرۇپ، قوغداش خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ يۇرتۋازلىق ۋە نەتىجە قوغلىشىش خاھىشى كۆچىيىپ، مەشرەپنىڭ ئېكولوگىيە ۋە فورماتسىيە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىنى، ساپلىقىنى بۇزۇپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇڭا مەن تەتقىقات، تۈر يوللاش، تەستىقلاش جەريانىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. مەشرەپنىڭ خاراكتېرى

مەشرەپ، زامان ۋە ماكان خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى ئالغان، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. مەشرەپ ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن، كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن. مەشرەپنىڭ باشقا ئىجتىمائىي رولى، كۆڭۈل ئېچىش (ئېستېتىك زوقلىنىش) ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. مەشرەپ ھەم شۇ جەرياندا ئېكولوگىيە جەھەتتىن كېڭىيىپ، تۈزۈلۈپ، مۇكەممەللىشىپ، باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇڭا بىز باشقا ھەر قانداق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ۋە ياكى ئاممىۋى يىغىلىشلارنى يەڭگىللىك بىلەن مەشرەپ دەپ ئاتىيالمايمىز. يېقىندا بىز كىتابخانلىق مەشرىپىنى كۆرۈپ قالدۇق. بۇ تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن بولغان بولسا، ئەجدادلار شۇنداق ئاتاپ، شۇنداق ئويناپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، بۇ بەك ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك بىر ئىش بولغان بولاتتى. ئەمما بۇ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنىڭ مېۋىسى بولۇپ قالسا، ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغان بولىدۇ. تارىخىي ئاساسلار يېتەرلىك بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە پالان ـ پوكۇن دېيىشكە ئاجىزمىز. پەقەت كىتابخانلىق مەشرىپىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىقلىساقلا بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالايمىز.

كىتابخانلىق — كىتاب ئوقۇش، كىتاب ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ كىتاب ئوقۇش، كىتاب ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشتەك ئىلمىي ئىزدىنىش پائالىيىتى.

دېمىسىمۇ كىتابخانلىق ھازىرقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ياكى ئىلمىي يىغىلىشلاردەك ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ، موللا ئۆلىمالىرىنىڭ يىغىلىپ ئىلىم ئالماشتۇرىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى سىنايدىغان، كۆرەك قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئىجتىھات سورۇنى. ئۇنىڭدا مەخسۇس تېمىدا سۆھبەت، بەس ـ مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلىشىمۇ، ھەركىم ئۆزلىرى ئوقۇغان كىتاب، يولۇققان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقىلارنى سۆھبەتكە چاقىرىشىمۇ، بىرسى كىتاب ئوقۇپ باشقىلارنى تەپسىر قىلىشقا (مەنە ئېيتىشقا) تەكلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەدىبلەر يىغىلغان سورۇن بولسا، ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ھەتتا مۇشائىرە ئېلىپ بېرىلىشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇنداق بىر ئىلمىي تۈسى ئەڭ قويۇق بىر يىغىلىشنى مەشرەپ

سورۇنغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ دەرۋەقە ئۇلار مۇنا-
زىرىدىن ھېرىپ چارچىغانلىرىدا بىردەم- يېرىمدەم ناخشا-
مۇزىكا ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغان
ئەھۋال ئاستىدىمۇ ساھىبخانا مېھمانلىرىنىڭ ئىچىنى پۇشۇ-
رۇپ قويماسلىق ئۈچۈن سازەندە مۇغەننىيلەرنى تەكلىپ
قىلغان بولۇشلىرى مۇمكىن. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار ئۆزلە-
رىنى مەشرەپ ئويندۇق دېمىگەن بولغىيتتى؟

ئەمما يېقىندا بۇ ھەقتە بىر پارچە تونۇشتۇرۇش
ماقالىسى ئېلان قىلىنىۋىدى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانـ
سىسى تەقلىدىي سورۇن ھازىرلاپ سۈرەتكە ئالدى ۋە
بۇ ھەقتە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلارنى زىيارەت قىلىپ-
مۇ ئۈلگۈردى. مانا بۇ مىراس قىزغىنلىقىنىڭ ئىپادىسى.
بىز بۇ ھەقتە ئۆزىمىزنى ھەرقانچە قايىل قىلىشقا زور-
لىساقمۇ قايىل قىلىش ئاساسىغا ئىگە بولالمىدۇق. بىز
مىراس قىزغىنلىقىدا يوقنى بار قىلىپ قويۇۋاتامدۇق
ياكى ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويۇۋاتامـ
دۇق؟ شۇڭا كىتابخانلىق مەشرىپى ئۈستىدە يەنىمۇ
ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىش
زۆرۈر دەپ قارايمەن.

### 2. مەشرەپلەرنى تۈرگە ئايرىش مەسىلىسى

مەشرەپ تەتقىقاتىدا مەشرەپلەرنى مۇۋاپىق تۈرگە
ئايرىش ھەم زۆرۈر، ھەم قىيىندەك قىلىدۇ. تولۇقسىز
مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانـ
سىسى سۈرەتكە ئالغان مەشرەپلا ھازىر 37گە يەتكەن.
ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى ئورۇنلار قېزىپ، رەتلەپ
تۇر يوللاپ، قوغداش ئىلتىماسى سونۇۋاتقان ۋە
قوغداش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگىنىمۇ خېلى بار. تەتقىـ
قات نەتىجىسىگە قارايدىغان بولساق تەكرار بولۇپ
قېلىش ۋە ياكى ئوخشاش بىر مەشرەپنى بىر نەچچە
خىل ئاتاشتىن خالىي بولالمايۋاتقاندەك قىلىمىز.
ئۆتكەن يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ «غەيرىي ماددىي مە-
دەنىيەت مىراسلىرى» تىزىملىكىدە «ھويلا مەشرىپى»
دېگەن بىر مەشرەپنى كۆرۈپ قالدىم (يېڭىسار ناھىيە-
سى يوللىغان). ھويلا مەشرىپى دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىد-
دىن بىلىنىپ تۇرۇپتىكى بۇ ھويلىدا ئوينىلىدىغان
مەشرەپ دېمەكچى. ھەرقانداق بىر مەشرەپنى ھەرقانـ
داق بىر سورۇندا ئوينىغىلى
بولۇۋېرىدۇ (گۈلخان مەشرە-
پىدىن باشقا). قىشتا چوڭراق
ئۆي ياكى ئايۋان- سارايلار-
دا، يازدا ھويلا- ئارام ياكى
باغىراڭلاردا، ئىشقىلىپ
ئادەم سانىنىڭ ئاز- كۆپلۈ-
كى، سورۇننىڭ كەڭ تارلىقى
مۇۋاپىق بولسا، شارائىتى قاد-
چىلىك يار بەرسە شۇنىڭغا مۇ-
ۋاپىق سورۇن ھازىرلانسا بو-
لىدۇ. ئۆيدە ئوينايدىغان
مەشرەپ باشقا، ھويلىدا ئوي-
نايدىغان مەشرەپ باشقا، باغدا
ئوينايدىغان مەشرەپ باشقا
ئەمەس، ھەممىسى بىر
مەشرەپ. ئەگەر بىز مەشرەپلەر-
نىڭ ئېكولوگىيە ۋە فورماتسىيە
جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى،



بىر پۈتۈنلۈكنى نەزەرگە ئالماي، باغدا ئوينىسا باغ مەشرىپى، تاغدا ئوينىسا تاغ مەشرىپى، ئۆگزىدە ئوينىسا ئۆگزە مەشرىپى دەپ ئايرىغىلى تۇرساق مەشرەپلەرنىڭ تۈرىنى قانداقمۇ بېكىتكىلى بولسۇن؟ قانداقمۇ بۇنى مەشرەپ تۈرى دېگىلى بولسۇن؟ شۇڭا بىزدە ئېنىق ئۆلچەم ۋە يەرلىك مەشرەپلەرنى ئېكولوگىيە ياكى فورماتسىيە جەھەتتىن پەرقلەندۈرگۈدەك ئېنىق چۈشەنچە بولۇشى كېرەك.

بەزىلەر مەشرەپتە ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكا مېلودىيەسى ۋە رىتىمى ھەققىدىمۇ گەپ ساتتى. ناخشا مۇزىكىنىڭ قانداقلىقى مەشرەپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەشرەپ ئۆزىدە ئورۇنلىنىدىغان ناخشا مۇزىكىلارغا ئەزەلدىن چەك قويغان ئەمەس. مەشرەپتە قانداق ناخشا مۇزىكىلارنى ئورۇنلاش مەشرەپنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى شۇ يۇرتتىكى سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت قابىلىيىتى، ئەڭ مۇھىمى شۇ مەشرەپكە قاتناشقان مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە ئېستېتىك تەلىپى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئالاھىدىلىك بار دېيىلسە، يەرلىك مەشرەپلەردىن دولان مەشرىپى، قۇمۇل كۆك مەشرىپى، گۈلخان مەشرىپى، قىزىلگۈل مەشرىپى... قاتارلىق بىر قانچە مەشرەپنى ئېغىزغا ئېلىشقا بولىدۇ ھەم بۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، مەشرەپ تۈرى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا، تۈر تۇرغۇزۇپ قوغداشقا ئەرزىيدۇ.

مەشرەپلەرنى يەرلىك ئالاھىدىلىك بويىچە يۇقىرىقىدەك تۈرگە ئايرىغاندىن باشقا، ئۆتكۈزۈلۈش سەۋەبىنى ئاساس قىلىپ، يەنە قاتارى مەشرەپ، نورۇز مەشرىپى، سەيلە مەشرىپى، ئوغلاق مەشرىپى، مېھمان مەشرىپى، توي مەشرىپى، باراۋەت مەشرىپى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىشقىمۇ بولىدۇ.

1. قاتارى مەشرەپ. بۇ مەشرەپ، 30 ئوغۇل مەشرىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەشرەپنى مەھمۇد كاشغەرىيمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئالاھىدە تىلغا ئالغان. خۇددى ھازىرقى چايلىرىمىزدەك مەشرەپكە قاتناشقان 30 ئوغۇل نۆۋەت بىلەن ساھىبخانلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان مەشرەپ. بۇ مەشرەپنىڭ سورۇنىغا قويىدىغان تەلىپى كۈچلۈك، تۈزۈملىرى قاتتىق. شۇڭا بۇ مەشرەپكە ئاياللار، قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلار قاتناشتۇرۇلمايدۇ. باشقا مەشرەپنى مۇشۇ مەشرەپنىڭ ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ.

2. نورۇز مەشرىپى. بۇ مەشرەپ نورۇز بايرىمىدا نورۇزنىڭ تەنتەنىسىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ.

3. سەيلە مەشرىپى. رايونىمىزدا ئۆرۈك پىششىقى مەزگىلىدە ۋە ياز پەسلىنىڭ گۈزەل مەزگىللىرىدە ئۆرۈك سەيلىسى، ھەزرەت سەيلىسى، دېگەندەك سەيلە - ساياھەتچىلىك خېلىلا ئەۋج ئالغانىكەن. بۇ مەشرەپ ئەنە شۇ سەيلىلەردە ئوينالغان مەشرەپ.

4. ئوغلاق مەشرىپى. بۇ مەشرەپ ئوغلاق تارتىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇتتۇرۇۋەتكەن تەرەپ ئۇتتۇۋالغان تەرەپنى مېھمان قىلىش بەدىلىگە ياكى ئۇتتۇۋالغان تەرەپ ئۆز غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ.

5. مېھمان مەشرىپى. بۇ مەشرەپ يۇرت ئاتلاپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ شەرىپىگە ساھىبخانا تەرەپتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىدىغان مەشرەپ. كۆپ ھاللاردا مېھمانلار تاماشىبىن سۈپىتىدە كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ، مەشرەپكە قاتناشمايدۇ.

6. توي مەشرىپى. بۇ مەشرەپ توي قىلغۇچى تويىنىڭ داغدۇغىسىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان مەشرەپ.

7. باراۋەت مەشرىپى. بۇ مەشرەپ مەشرەپنىڭ ساھىبخانى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مەشرەپ ئەھلى مەشرەپ چىقىمىنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىش ياكى شۇ چىقىمنى ھەل قىلىش ياكى شۇ يۇرتتىكى بىرەرسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ۋە ياكى شۇ يۇرتتا كۆۋرۈك سالدىغان، مەسچىت سالدىغان، يول ياسايدىغان بىرەر ئىجتىمائىي ئىشنىڭ مەبلىغىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ.

مەشرەپنىڭ بۇ تۈرلىرى يۇقىرىدا بىز ئېيتقاندەك ئۆتكۈزۈلۈش سەۋەبى بىلەن ئېكولوگىيە جەھەتتىن بىر - بىرىدىن قىسمەن پەرقلىنىدۇ.

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)




# ئۇيغۇرلاردا سىركە ئىستېمالى

ھەببە نالە

دۇنيادىكى بارلىق خەلقلەر ئۆزى ياشىغان جاينىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا مۇۋاپىق بەزى ئىچىملىكلەرنى ياسىغان ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنىڭ ياشىغان تەبىئىي مۇھىتىغا ئۇيغۇن ھالدا بەزى ئىچىملىكلەرنى ئىختىرا قىلغان ۋە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق ھاياتىدىن باشلاپ ھەر خىل سۇيۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا قەدەم قويغان ۋە شەھەرلەشكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك تۈرلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن. جۈملىدىن سىركە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىچىملىكلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## 1. سىركە

سىركە — ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ سۈيى، گۈرۈچ، بۇغداي، قىزىل قوناق قاتارلىقلارنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان، تېتىتقۇ قىلىنىدىغان چۈچۈمەل سۇيۇقلۇق بولۇپ، بەزى جايلاردا «ئاچچىقسۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سىركە ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەكلىرى ئىچىدە ئىشتىھانى ئېچىش، تاماق سىڭدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلار لەڭپۇڭ، ئۆپكە-ھېسىپ ۋە باشقا سوغۇق سەيلەرگە، لەغمەن قاتارلىق تاماقلارغا سىركە قۇيۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. سىركىلەرنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم سىركىسىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سىركە ياساپ ئىستېمال قىلىش تارىخى خېلى ئۇزاق بولۇپ، «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»دە «سىركە»① سۆزى خاتىرىلەنگەن. تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە سىركە ۋە ئۇنىڭ ياسىلىشى، ئىشلىتىلىشىگە ئائىت كۆپلىگەن ئۇچۇرلار بار. مەسىلەن، «سىركە — سىركە. ئۈزۈم سىركىسى» ②؛ «سىركە ئېچىپ كەتتى، يەنى سىركىنىڭ ھەممە يېرىدە ئېچىش پەيدا بولدى»③؛ «ئاچىتتى — ئېچىتتى. ئول سىركە ئاچىتتى — ئۇ سىركە ئېچىتتى»④؛ «ئۈزىنتى —... سىركە كۆپنى ئۈزىنتى — سىركە (ئېچىپ كېتىپ) كۆپتىن سىزىپ چىقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ئۈزىنتۈر — ئۈزىنتىمەك)» ⑤؛ «قاتىق — تۇتماچ (چۆپ)قا قېتىلىدىغان قېتىق، سىركە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر» ⑥؛ «چۇۋۇشاتتى — ئېچىتتى. ... سىركە قارىن چىۋىشاتتى — سىركە قېرىنىنى ئېچىتتى. شۇنىڭدەك سىركە يەرگە قۇيۇلۇپ، توپىنى قايناتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. «چىۋىشاتۇر — چىۋىشاتماق»⑦؛

«بور ــ شاراب. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: بوز بولمىزىپ سىركە بولما ــ شاراب بولماي تۇرۇپ سىركە بولماس...» ⑧؛ «ئاچىدى ــ ئېچىدى. سىركە ئاچىدى ــ سىركە ئېچىدى.»⑨؛ «سۇۋسىدى ــ سۇلاشتى، سۇلىشىپ كەتتى. سىركە سۇۋسىدى ــ سىركە سۇلىشىپ كەتتى، يەنى سىركە سۇ تېتىپ قالدى (سۇۋسىر ــ سۇۋسىماق)» ⑩؛ «سىركەلەدى. ... ئول سۇۋۇغ سىركەلەدى ــ ئۇ سۇنى سىركىلىدى، يەنى سۇغا سىركە ئارىلاشتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سىركەلەر ــ سىركەلەمەك)»⑪... قاتارلىقلار. «دىۋان»دىكى بۇ بايانلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار سىركىنى ئۈزۈمدىن ئېچىتىپ ياساپ، كۆپلەردە ساقلايدىغانلىقى، ئۇتماچ قاتارلىق تاماق تۈرلىرىگە سىركە قوشۇپ ئىستېمال قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «ماندۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تۈرك سىركىسى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. «دىۋان»دا: «ماندۇ ــ بىر خىل تۈرك سىركىسىنىڭ ئېتى. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۈزۈم شىرنىسىنى كۆپتا ئېچىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ ھاراق قۇيۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن سىركە بولۇپ چىقىدۇ. بۇ سىركىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»⑫؛ «ماندى ــ تاقىدى، ئاستى، ماندى، مىلىدى. ئەر تولۇم ماندى ــ ئادەم جەڭ قوراللىرىنى تاقىدى. ئەر ئەتمەك سىركەگە ماندى ــ ئادەم ناننى سىركىگە ماندى. ھەر قانداق نەرسىنى باشقا بىر نەرسىگە بۇلاش ياكى مىقلاشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (مانار ــ مانماق)»⑬ دېيىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىيدىن باشقا، 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى يۈەن چىڭزۇڭ، يۈەن شۇندى زامانىدا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ساراي داستانچىسى، ئوزۇقشۇناس ۋە ئوردا تېۋىپى بولۇپ ئىشلىگەن مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى قۇسقۇي ئۆزىنىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ناملىق ئەسىرىدە سىركە (ئاچچىقسۇ) ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، «تەمى چۇچۇمەل، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز، يىرىڭلىق ياللۇغ، ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ، ھۆللۈكنى تارقىتىدۇ، بەدەنگە زىيانلىق ماددىلارنى يوقىتىدۇ، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئاچچىقسۇنىڭ ھاراق ئاچچىقسۇيى، شاپتۇل ئاچچىقسۇيى، بۇغداي ئاچچىقسۇيى، ئۈزۈم ئاچچىقسۇيى، چىلان ئاچچىقسۇيى قاتارلىق تۈرلىرى بولۇپ، گۈرۈچ ئاچچىقسۇيى ئەڭ ياخشى بولغاچقا، دورىلارغا قوشۇلىدۇ»⑭ دەپ يازغان. ئىسلام شەرىئىتىدە ئېچىتىپ ياسالغان، مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش مەنئى قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ئەھكامغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن ھەمدە ئېچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى تاماققا قوشۇپ ئىچىش ئادىتى ئومۇملاشمىغان. شۇنداقتىمۇ ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە يەرلىك ئۇسۇلدا ئېچىتىپ ياسالغان، ئادەمنى مەست قىلماستىن، بەلكى ئىشتىھانى ئېچىش رولىنى ئوينايدىغان سىركىنى ئىستېمال قىلىش ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

## 2. سىركە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جەريانى

«ئۈزۈم سىركىسىنى ئىشلەپچىقىرىشتا چالا چېكىلگەن ئۈزۈم يىغىۋېلىنىپ پاكىز يۇيۇلىدۇ، ئاندىن ئۈزۈم ساپاقلىرى ئايرىپ تاشلىنىپ، ئۈزۈم غورىسى كاسىغا بېسىپ ئېزىلىدۇ ۋە خالتىغا ئېلىپ سىقىپ سۈيى ئايرىۋېلىنىپ ئىچى ياغلانغان ساپال كوزا ياكى فارفۇر ئىدىشقا قاچىلىنىدۇ. 1:100 نىسبەتتە كونا سىركە ئېچىتقۇ قىلىپ قۇيۇلىدۇ. كوزا ئاغزى داكىدا يۆگەپ ئاپتاپقا قويۇلىدۇ. ئاپتاپنىڭ قىزىتىشى ۋە ئېچىتقۇنىڭ تەسىرىدە ئۈزۈم سىركىسى ئېچىپ قايناپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىچە توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىركە تەييارلىنىدۇ»⑮.

## 3. سىركىنىڭ تېبابەتتە ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇرلاردا ئۈزۈمدىن چىقىرىلىدىغان سىركە كەڭ ئومۇملاشقان. سىركە پەقەت بىر قوشۇمچە ئىچىملىك سۈپىتىدىلا ئىستېمال قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مىللىي تېبابەتتىمۇ كەڭ ئىشلىتىلگەن. سىركە يەككە ھالدا ياكى باشقا دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالغاندا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆي ۋە باشقا جايلارغا چېچىلىدۇ. «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە رېتسېپتا ئۈزۈم سىركىسىنىڭ قۇرت چۈشكەن چىشنى داۋالاشتىكى ئۈنۈملۈك دورا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. مەسىلەن، تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى رېتسېپتا: ‹چىشنى قۇرت يېگەندە، ئۈزۈم سىركىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بەرسە، ياخشى بولىدۇ› دەپ خاتىرىلەنگەن»⑯. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېبابەت تارىخى ۋە دېئونتولوگىيە پروفېسسورى دوكتور ئا. سۇھەيل ئۈنۋەرنىڭ 8-، 14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» ناملىق ئەسىرىدە سىركىنىڭ تېبابەتتىكى شىپالىق رولى ۋە بەزى سىركە تەركىبلىك دورىلار ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. مەسىلەن، «ئەگەر دېڭىز كۆپۈكىنى سۈزۈپ مۇرۇد سۈيى

ۋە سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قۇلاققا تېمىتسا، ئاغرىق پەسىيىدۇ»⑰. «ئەگەر بىر مىسقال قارىمۇچ سىركە بىلەن قاينىتىلىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن، ئېغىزغا ئېلىنسا،ئاغرىق توختايدۇ»⑱. «يىلان تېرىسى، تۆت يول ئاغزىدىن ئېلىنغان توپا، ھەسەل، كالا ئۆتى ۋە سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىلسە، قورساقتىكى ئۆلگەن بالا تېز چۈشۈپ كېتىدۇ»⑲. بۇلاردىن قارىغاندا سىركە قۇلاق، ئېغىز ئاغرىقى ۋە قورساقتا ئۆلۈپ قالغان بالىنى چۈشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم دورىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يازدا تومۇز ئىسسىق ۋاقىتلىرىدا كىشىلەرنى تەپ تۇتۇۋالىدۇ (تەپ ــــ ئادەملەردە بولىدىغان تۈرلۈك قىزىتمىلارنىڭ ئومۇمىي نامى). شۇنداق چاغلاردا چېكىلىش ئالدىدا تۇرغان ئۈزۈمدىن ئېلىپ كېلىپ پاكىز يۇيۇۋېتىپ داكىغا ئېلىپ چىنە ـ قاچىغا تۇتۇپ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ شۇ پېتى ئىچسە ياكى سۈيۈق تاماقلارغا ئاچچىقسۇ ئورنىدا قۇيۇپ ئىچسە تەپ بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، سىركىنىڭ سەپرانى يوقىتىش، تەشنالىقنى بېسىش ۋە چايانىڭ زەھرىنى قايتۇرۇش رولى بارلىقى مەلۇم.

**4. سىركىچىلىكنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى**

ھەر خىل يەرلىك ئۇسۇللاردا سىركە ياساپ ئىستېمال قىلىش ئادىتى ئۇيغۇرلاردا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۆزگىچە سىركە ياساش ئۇسۇللىرى بار. بۇ خىل سىركە ياساش ئۇسۇلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېزا ـ قىشلاقلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان. ئادەتتە سىركىگە سۇ، كۆممىقوناق، بۇغداي، كېپەك، ئارپا (يالىڭاچ ئارپا)، ئاق قوناق، تۇز، پۇرچاق (دادۇر)، گۈرۈچ، سامساق، زەنجىۋىل قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ چۈچۈمەل، خۇش پۇراق، تەملىك سىركە ـ ئاچچىقسۇلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ھازىر ئۇيغۇرلاردا دولانا، گۈلدىيار، قەدىمىي چىنار، خۇشبۇي، روناق، بۇغرا... قاتارلىق ھەر خىل ماركىلاردىكى سىركىلەر بازارغا سېلىنىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىركىچىلىك كەسپ ـ ئادەتلىرى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا ۋە تېخىمۇ، سۈپەت جەھەتتىن بارغانسېرى ئىلغارلاشماقتا.

---

ئىزاھلار:

① خۇ جېنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇالار رەتلىگەن (فۇ تىڭشۇن تەرجىمە قىلغان، غۇلام غوپۇرى بېكىتكەن): «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 49 ـ بەت.

②، ③، ④، ⑤، ⑥، ⑦، ⑧، ⑨، ⑩، ⑪، ⑫، ⑬ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم 560 ـ، 245 ـ، 278 ـ، 280 ـ، 496 ـ بەتلەر، 2 ـ توم 492 ـ بەت، 3 ـ توم 167 ـ، 168 ـ، 345 ـ، 388 ـ، 482 ـ بەتلەر، 1 ـ توم 548 ـ بەت، 2 ـ توم 39 ـ، 40 ـ بەتلەر.

⑭ قۇسقۇي (ياپونچىدىن مەريەم ساقىم تەرجىمىسى): «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 160 ـ بەت.

⑮ مۇھەممەدئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 107 ـ بەت.

⑯ ئىسرايىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 261 ـ بەتتىكى نەقىلدىن.

⑰، ⑱، ⑲ ئا. سۇھەيل ئۈنۋەر (تۇرسۇنئاي ساقىم تەرجىمىسى): «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» (8 ـ، 14 ـ ئەسىر)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 49 ـ، 53 ـ، 74 ـ بەتلەر.

⑳ [ئۆزبېكىستان] مەھمۇد ھەسەنى (ئابدۇۋەلى خەلپەت تەرجىمىسى): «تېبابەت دۇردانىلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 110 ـ بەت.

(ئاپتور: لوپنۇر ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2012 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017



# ئېئاستېر ئارىلىدىكى دۆلەت باغچىسى

(سىرلىق يىگانە ئارالدىكى قورام تاشلىق پورترېت)

ئېئاستېر (Easter) ئارىلى تىنچ ئوكياننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ ئارال سىرلىق قورام تاشلىق ھەيكەللىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. 1996-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى مەدەنىيەت مىراسلىرى دەپ قاراپ «دۇنيا مىراسلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزگەن.

1722-يىلى 4-ئايدا، گوللاندىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ياكبو. لوگۋېننىڭ باشلامچىلىقىدا بىر ئەترەت ئۈچ ئۇرۇش پاراخوتى بىلەن يولغا چىقىپ بىر نەچچە ئاي يول يۈرىدۇ. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر كىچىك ئارال پەيدا بولىدۇ. بۇ كىچىك ئارالنىڭ تۆت ئەتراپىدا قاپقارا ئېگىز ئادەملەرنىڭ رەتلىك تىزىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەسلىدە ئۇ يەردىكى نەچچە يۈزلىگەن تەڭداشسىز، ھەيۋەت چوڭ ئادەملەرنىڭ تاش ھەيكىلى ئىكەن.

بۇ كۈن دەل خىرىستىيان دىنىدىكىلەرنىڭ پاسخا بايرىمى بولغاچقا ئۇلار بۇ كىچىك ئارالغا ئېئاستېر ئارىلى دەپ نام قويغان.

18-ئەسىردىكى ئېكسپېدىتسىيەچىلىكنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، 1770-يىلى ئىسپانىيەلىك كاپىتان گانسالىس، 1774-يىلى ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە كاپىتان لوك قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئېئاستېر ئارىلىغا كەلگەن.

ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئارالغا چىققاندىن باشلاپلا قۇل بېدىكچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئارقا-ئارقىدىن بۇ ئارالغا كېلىپ، ئارالدىكى راپانۇي (Rapanui) لارنى تۇتۇپ قۇل قىلىشقا باشلىغان. 1805-يىلى ئۇلار ئارالدىكى 22 يۇقىرانى بۇلاپ كەتكەن. 1862-يىلى پېرۇلۇقلار كېلىپ يەرلىكلەرنى قورشاپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ كەتكەن. ئارالدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزدىكى ئۇلارنىڭ تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان، ھەتتا قەبىلە ئاقساقىلى، كاھىن ۋە ئارالدىكى نام-شۆھرەتلىك بار كىشىلەرمۇ قالمىغان. ئۇلار پېرۇغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇ يەردە ئاساسلىق مايماق كولاشقا بۇيرۇلغان. پېرۇلۇقلار كونترول قىلىۋالغان ئاشۇ دەۋردە ئارالدىكى ئاھالىلەر بىلىملىكلەر ۋە تېخنىكلار ئاستا-ئاستا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت 15 ئادەملا ھايات قېلىپ ئارالغا قايتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار قورقۇنچلۇق ۋارىئولا ۋىرۇسلۇق (Variola Virus) يۇقۇملۇق كېسەلنىمۇ ئارالغا بىللە ئېلىپ كەلگەن ھەم شىددەت بىلەن ئارالغا كەڭ تارقالغان. بۇنىڭ بىلەن ئارالدىكىلەر ئاغرىغانلىرى ئاغرىپ، ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ 1877-يىلىغا كەلگەندە ئارالدا پەقەت 110 ئادەم قالغان.

لوگۋېننىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئارالغا چىققاندا قالدۇرغان خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا: «ئارالدىكى كىشىلەر ئاددىي كەپە ئۆيدە تۇراتتى. بەدىنىگە ئالا قويماي گۈل چېكىلگەن،

قۇلاقلىرى تېشىلىپ، ساڭگىلاپ مۇرىسىگە چۈشكەن. تېرىلغۇ يەرلەر ئىنتايىن چەكلىك بولغاچقا تۇرمۇشى غورىگۇل بولۇپ ئاران جېنىنى باقاتتى. بىز ئاشۇ يىراق قەدىمكى زاماندا تۇرۇپ كۆزىتىپ باقساق، ئېپاستېر ئارىلىنى بىر قۇملۇق دەپ پەرەز قىلىمىز، شۇ سەۋەبتىن ئۇ تۇپراقتىكى قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

شۇنداق، ئېپاستېر ئارىلىنىڭ تۇپرىقى ئۈنۈمسىز ھەم قۇرغاق. ئارالنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا توغرىسىغا كەتكەن قۇملۇق بار. ئاشلىق ئۆسمەيدۇ، دەل-دەرەخ ئۆستۈرۈشكىمۇ ئاساسەن ماس كەلمەيدۇ. پۈتۈن ئارالدا بىرمۇ ئېگىز دەرەخ يوق. چاتقال بىلەن ياۋا ئوت-چۆپلەرلا بار. ئىچىدىغان سۇمۇ يوق، دەريا ئېقىنمۇ يوق. ئارالدىكى كىشىلەر پەقەت ئورەك كولاپ ئۇنىڭغا يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ ھايات كەچۈرگەن، ئارالدا ياۋايى ھايۋانلاردىن پەقەت چاشقانلا بار، ئۇچار-قاناتلارمۇ يوق. بېقىلىدىغىنى پەقەت توخۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئاشلىق تېرىشقا ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا ئامالسىز. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پەقەت ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ياغاچتىن ياسالغان ئاددىي ئەسۋابلارغا تايىنىپ يەرنى كولاپ تاتلىق ياڭيۇ ۋە شېكەر قومۇچىنىلا تېرىپ ئۆستۈرىدۇ. ئۇلار تەقدىرىگە تەن بېرىپ ئاشۇنداق جاپالىق كۈن كەچۈرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئېيتقىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى بۇ ئارالدا كىشىلەرگە يىل بويى ھېرىپ-چارچاشتىن باشقا يار-يۆلەك بولىدىغان پەقەت دېڭىز، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلاردىن باشقا ھېچ نەرسە يوق.

مۇشۇنداق قۇرغاقچىلىق بۇ يالغۇز ئارالدا ئاز ساندىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىلا تۇتۇپ قالالىدى. كەتكەنلەر كەتتى، ئەمما بۇ يەردە كەڭ تارقالغان 887 دانە ئېگىز ۋە غايەت چوڭ ھەيكەللەر قېپقالدى. بۇ تاش ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈن ماگما جىنسىنى ئىسكىنە بىلەن ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان. بۇنىڭ ئىچىدە تىكلەپ تۇرغۇزۇلغان 600 دانە ھەيكەل بار. كۆپرەكى تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۇزۇن تاش سۇپىغا رەتلىك تىزىپ قويۇلغان، ئارالدا تەخمىنەن 100 دەك تاش سۇپا بار. ھەر بىر تاش سۇپىغا ئادەتتە تۆتتىن ئالتىگىچە تاش ھەيكەل قويۇلغان. ئەڭ كۆپ قويۇلغىنى 15 ھەيكەل. بۇ گىگانت ئادەملەر ھەيكەلىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 7~10 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئەڭ چوڭ ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 22 مېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 400 توننا كېلىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ غايەت زور تاش ھەيكەللەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېشىدا ئىنتايىن چوڭ قىزىل تاش بۆك بار. بىر دانە قىزىل تاش بۆكنىڭ ئەڭ كىچىكىنىڭ ئېغىرلىقى ئاز دېگەندىمۇ 20 توننا كېلىدۇ، بەلكىم چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 40-50 توننا كېلىشى مۇمكىن. بۇ غايەت زور تاش ھەيكەللەرنىڭ يۈزى ئاساسەن سوقچاق كەلگەن، بىر جۈپ قۇلىقى ھەم ئۇزۇن، ھەم شۇنداق غەلىتە. ئېڭىكى پولتىيىپ چىققان، بىر جۈپ كۆزى ئىچىگە چوڭقۇر پاتقان، قاشلىرى قارا كۆرۈنىدۇ، ئاغزى كامار، قاڭشارلىق قىلىپ ياسالغان. يەنە بىر جۈپ ئۇزۇن قولى ئالدىغا قىلىپ قورسىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، چەكسىز كەتكەن دېڭىزغا كۆكرىكىنى كېرىپ مەردانە قىياپەتتە نەزەر سېلىۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ قىياپىتىدىن پۈتۈنلەي بەخىرامانلىق چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ يەر شارىدىكى ئەڭ خىلۋەت كىچىك ئارالدا نېمىشقا بۇنچە كۆپ تاش ھەيكەللەر بار؟

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ياۋروپادىكى ئېكسپېدىتسىيەچىلەر، مىسسىيونېرلار، ئارخېئولوگلار، ئانتروپولوگىستلار ئارالدىكى تاش ھەيكەللەرنىڭ سىرىنى ئېچىشنى ئويلاپ، ئاشۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان، كىشىلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان بۇ غايەت زور ئادەملەرگە بارا-بارا غەمخورلۇق قىلىشنى كۆپەيتكەن. رادىيوئاكتىپلىق ئىزوتوپ قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ يېشىنى بېكىتىپ، دەۋرىي سانلىق مەلۇمات، شۇنداقلا پولۋېرىن (گۈل چېچىكى) (Polwerin) ئەۋرىشكىسىگە ئېرىشكەن. ئارالدىن يەنە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك قەدىمكى ئەسۋاب-جابدۇقلارنى تاپقان، شۇنداقلا ھەيكەلتىراشلىققا ۋە ئۇنى يۆتكەپ تىكلەشكە قارىتا بىر قاتار ناھايىتى قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بارغان.

رادىيوئاكتىپلىق ئىزوتوپ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئۆلچەپ بېكىتىشكە ئاساسلانغاندا، ئېپاستېر ئارىلىدا تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 400 يىلدىن 700 يىلنىڭ ئارىلىقىدا ئادىمزات ياشاشقا باشلىغان. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، دەسلەپكى ئېپاستېر ئارىلى بىر مەزگىل يامغۇرلۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇشى مۇمكىن. يەر بايلىقى

ئىنتايىن مول، ھەممە يەر يېشىللىق بىلەن قاپلانغان گۈزەل، مۇنبەت تۇپراق، ئۇنى بۇ دۇنيادىكى جەننەت دەپ تەسۋىرلەشكە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئارالدىكى دەرەخلەردىن ئاساسلىقى چوڭ پالما دەرىخى بولۇپ، ئۇ خۇددى چىلىدىكى راففىيە دەرىخىگە ئوخشايدۇ، بۇ دەرەخ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پالما دەرىخىدۇر.

ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى يەنە ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانلار پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ئېئاستېر ئارىلىدىكى ئۇچار قاناتلارنىڭ پەقەتلا كۆشەندىسى بولۇپ باقمىغانلىقىنى ھەم بۇ يەر دېڭىز قۇشىنىڭ كۆپىيىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق جايى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. بۇ يەردە ئاز دېگەندىمۇ 25 خىل دېڭىز قۇشى ئۇۋا ياساپ كۆپەيگەن. بەلكىم پۈتۈن تىنچ ئوكيان بويىچە بۇ يەر ئۇچار قۇشلارنىڭ ئەڭ جىق كۆپەيگەن جايى بولۇشى مۇمكىن. ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى قەدىمكى ئەخلەتلەر ئارىسىدىن ئاز دېگەندىمۇ ئالتە خىل قۇرۇقلۇقتا تەۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن بىر قىسىم دېڭىز يىلپىزى (تىيۇلېن)نىڭ سۆڭەكلىرىنى تاپقان، بۇ بەلكىم ئۆز ۋاقتىدا ئېئاستېر ئارىلىدىمۇ دېڭىز يىلپىزىنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلاردىن كۆرسىتىلىشىچە، ئېئاستېر ئارىلىدىكى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا بىر قېتىملىق ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. پولۋېرىننىڭ تەركىبىنى ئايرىپ تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە مىلادى 800-يىلدىن باشلاپ، ئارالدىكى ئورمانلىقلار پۈتۈنلەي يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. پالما دەرىخى ۋە باشقا دەل-دەرەخلەرنىڭ پولۋېرىنى بارغانسېرى ئازلاپ 15-ئەسىرگە كەلگەندە، ئارالدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم دەل-دەرەخلەر (چوڭ پالما دەرىخىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاخىرقى ھېسابتا تۈپتىن يوقالغان، ئارالدىكى قۇرۇقلۇقتا تەۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەممىسى ۋە دېڭىز قۇشلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تامامەن يوقالغان. بۇ بەلكى ئورمانلىقلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇنىڭ بىلەن يەنە ئارالدىكى كىشىلەر پاراخوت ياسايدىغان ياغاچ تاپالمايدىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار دېڭىز يىلپىزى تۇتۇشقا ئامالسىز قالغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بېلىقچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. دەسلەپتە ئارالغا كەلگەن لوگۋېننىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئارالدىكى نوپۇسنىڭ سانى 2000 غىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ، پۈتۈن ئارالدا پەقەت ئۈچ-تۆت تاللا ئادەتتىكىنە كىچىك قېيىق بار ئىكەن. بۇ قېيىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر بولۇپ ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى ئادەم پاتىدىكەن. كىچىك تاختىلارنى ئادەتتىلا قۇراشتۇرۇپ ياسىغان بۇنداق كىچىك قېيىق بىلەن پەقەت دېڭىز قىرغىقىدىلا يۈرگىلى بولىدۇ، ھەرگىزمۇ چوڭقۇر دېڭىزغا بارغىلى بولمايدۇ ئەلۋەتتە.



ئۇنداقتا ئېئاستېر ئارىلىدا تەبىئىي بايلىق كەمچىل، ئاھالىلەر قورسىقىنىمۇ تويغۇزالمايدىغان تۇرۇقلۇق، ئارالدىكى بۇ چوڭ تاش ھەيكەللەرنى قانداق ياساپ چىققان؟ بۇنداق چوڭ تاش ھەيكەللەرنى زادى نېمىگە ئىشلەتكەن؟

بۇنىڭغا قارىتا ئىلىم-پەن ئالىملىرىنىڭ ئارالدا ئېلىپ بارغان ئەمەلىي تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چوڭ-كىچىكلىكى ئوتتۇراھال تاش ھەيكەلنى ئويۇپ ياساش ئۈچۈن 15 ئادەم بىر يىل ئىشلەيدۇ دەپ، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا 1000 تاش ھەيكەلنى ياساش ئۈچۈن 1500 ئىشچى توختىماي توپتوغرا 100 يىل ئىشلەيدىكەن. بىراق بۇ پەقەت ئويۇپ ياساشنىلا كۆرسىتىدۇ، ياساپ بولغاندىن كېيىن يەنە يۆتكەپ توشۇشچۇ، بۇ ئارالدا يا چارۋىلار بولمىسا، شۇڭا ئۇنى تامامەن ئادەم كۈچىگە تايىنىپ يۆتكىگەن. ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئەمگەك ئىقتىدارى كۈچلۈك 320 ئادەم كۈچى سەككىز توننىلىق تاش ھەيكەلنى ئاران سۆرىيەلەيدىكەن. بىراق بۇ تاش ھەيكەللەرنىڭ ئۇرغۇنلىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئون توننا، 20 توننىدىن 80 توننىغىچە كېلىدۇ. ئۇنداقتا 80 توننا ئېغىرلىقتىكى تاش

ھەيكەلنى يۆتكەش ئۈچۈن 3200 ئادەم كۈچى كېتىدۇ. سېلىشتۇرۇپ ھېسابلىغاندا پەقەت مۇشۇ 1000 ھەيكەلنى يۆتكەش ئۈچۈنلا قانچىلىك ئەمگەك كۈچى كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئادەم ئامالسىز قالىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنچە كۆپ ھەيكەلتىراشلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن چوقۇم بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەم ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈشى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ھەر خىل سايمانلارنى ياساشتەك بىر قاتار ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. شۇڭا كىشىلەرنىڭ خامچوتى بويىچە ھېسابلىغاندا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بەدەن ساپاسى ياخشى، كۈچلۈك، قاۋۇل بولغان 5000 ئادەم توختىماي 100 يىل ئىشلىگەندە بەلكىم بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى تاماملىيالىشى مۇمكىن دەپ ھېسابلىغان.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئارال ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 2000 ئادەمنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىكەن. ناۋادا تاش ھەيكەل ياسايدىغان ئەمگەك كۈچى راستىنلا 5000 ئادەم بولسا، ئۇنداقتا كىچىك ئارالنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى خېلىلا ئېشىپ كېتىدىكەن. ھازىرچە ھەيكەلتىراشلىقتىن سۆز ئاچماي تۇرايلى، ئالدى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇپ ھاياتىنى نېمىگە تايىنىپ ساقلايدۇ؟

كىشىلەر ئارالدىن يەنە توققۇز تاش كېنىنى تاپقان. بۇ تاش كېنىدا قاتتىقلىق دەرىجىسى پولاتتەك ئاشۇ تاش ھەيكەللەرنى بىمالال، خۇددى تورتنى كەسكەندەك كېسىپ چىقارغان نەچچە يۈز مىڭ كۋادرات مېترلىق ئېچىلغان كاننىڭ دەسلەپكى ھالىتىنى كۆردى. بۇ كاندا يەنە 300 دىن كۆپ تاش ھەيكەللەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى پۈتمىگەن، بەزىلىرى يېرىم پۈتكەن، يەنە بەزىلىرى پۈتۈپ بىر چەتكە ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ خۇددى يۆتكەشنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ھالەتتە ئىدى. بىر تاش ھەيكەل بەكمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز قىسمى تاراشلىنىپ بولۇنغان، پەقەت كەينى مېڭىسىنىڭ مۇشتۇمچىلىك يېرىلا تاغ بىلەن بىر تۇتاش ئىدى. پەقەت تىغلىق ئەسۋاب بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرسىلا تاغ ئۆلىدىن ئاجراپ چىقاتتى. ئەمما ئۇنى ياسىغۇچى تۇيۇقسىز ئىشتىن توختىغاندەك قىلاتتى، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە گويا تۇساتتىنلا توختاپ قالغاندەك ئىدى. ھەممە يەردە تاش پالتا، تاش جوتۇ، تاش لوم (سۇمبە)، تاش ئىسكىنە. چوڭ تاش ئۈستىگە چوڭقۇر ئويۇلغان تۆشۈكلەرنى ھازىرمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. تۆت ئەتراپ تاش ئۈۋاقلىرى بىلەن تولغان، خۇددى كىشىلەر تۇيۇقسىز قارشىلىق قىلىشقا ئامالسىز بىر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندەك ھەممىنى تاشلاپ، ئالدىراپ-تېنەپ نەلەرگىدۇر يوقالغان، بۇ قانداق ئىش؟ كىچىك ئارالدا زادى قانداق تاسادىپىي ۋەقە يۈز بەرگەندۇ؟

ئېيئاستېر ئارىلىدىن 500 مېتىر يىراقلىقتىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 300 مېتىر كېلىدىغان يەنە ئۈچ كىچىك ئارال بار. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم موتوينجى، موتونويى، موتوكوكو دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆت ئەتراپى تىك قىيا بىلەن ئورالغان. ھەرقانداق پاراخوت، كېمە بۇ يەرگە يېقىنلىشالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئاراللىكلەرنىڭ ئېسىدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ، ئەسلىدە بىر قانچە چوڭ تاش ھەيكەللەر تىك يار ئۈستىدە ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتىكەن. كېيىن يوقاپ كەتكەن. فرانسىيەلىك ئارخېئولوگ ماچېئىر بۇرۇن ئاشۇ تىك قىيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاش ھەيكەللەرنىڭ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، بىراق ھەيكەلنى قويغان تاش سۇپا تىك قىيا ئۈستىدە يەنىلا شۇنچىلىك مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

بۇ ئۈچ كىچىك ئارالدا، ئارخېئولوگ ئالىملىرىنى ھەقىقەتەنمۇ تىك قىيا ئۈستىدە تۇرغان تاش سۇپىغا قاراپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ، تارىختىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى سۆزلىمەيلا تۇرايلى، ھازىرقىدەك يەن-مەدەنىيەت، يۇقىرى تېخنىكا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە، ئىلغار تېخنىكا بىلەن يېڭى زامان يەن-تېخنىكا ئالىملىرىمۇ (ئەڭ ئىلغار تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن ئۈچقۇر ماشىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، ھەرقانداق قىلىپمۇ بۇ يوغان تاش ھەيكەللەرنى خەتەرلىك ئېگىز تىك يار چوققىسىغا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

ئۇنداقتا بۇ ھەيكەلتىراشلار زادى كىملەر؟ ئارالدىكى يەرلىكلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا ئارالدا ئەسلىدە بىر «ئۇزۇن قۇلاق ئادەم» بىلەن «كالتە قۇلاق ئادەم» ياشىغانىكەن. بۇ ئىككىسى ئوخشىمىغان ئىككى مىللەت بولۇپ، ئۇزۇن قۇلاق ئادەم كالتە قۇلاق ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. يەنى تاش ھەيكەللەرنىڭ ياسىغۇچىسى. بىراق كېيىن كالتە قۇلاق ئادەم ئۇزۇن قۇلاق

ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پەقەت تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قۇتۇلۇپ قالغان بىرلا ئۇزۇن قۇلاق ئادەمدىن باشقا ھەممىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن تاش ھەيكەل ئويۇپ ياساش ئىشى شۇنىڭدىن باشلاپ توختاپ قالغان.

ئارالغا بىرىنچى قېتىم يېتىپ كەلگەن لوگۋېيننىڭ ئەسلىمە خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا: ئەينى ۋاقىتتىكى ئارالدىكى يەرلىكلەرنىڭ تېرىسى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ رەڭگى بۇنىڭدىنمۇ قېنىقراق ئىدى. يەنە تېخى تېرىسى قىزىل رەڭلىكلەرمۇ بار بولۇپ، قالغان بىر قىسمىلىرى تامامەن ئاق تەنلىك ئىدى. بۇ كىچىككىنە ئارالدا پەقەت نەچچە يۈز نوپۇس بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى نەچچە خىل ئىدى دەپ يازغان.

بىر قىسىم تىنچ ئوكيان تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئېيىستېر ئارىلىدىكى غايەت چوڭ تاش ھەيكەللەر پولىنېزىيە مەدەنىيىتىگە تەۋە دەپ قارايدۇ. كاپىتان كۇكنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا ئارالدىكى يەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۆزلەشكەن سۆزىدە جەنۇبىي تىنچ ئوكيانلىقلارنىڭ فونېتىكىسى ساقلانغان. مۇشۇ پىكىرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر قىسىم كىشىلەر، ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىلەر، ئارالدىكى ھازىر ياشاۋاتقان پولىنېزىيەلىكلەرنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى دەپ قارايدۇ. يەنە تەخمىنەن مىلادىيە 8-، 9- ئەسىرلەردە ئۇلار ئوكياندا لەيلەپ ئېقىپ، نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۇ ئادەم ياشىمايدىغان ئارالغا كېلىپ قالغان، ئۇلار بۇ يەرگە ھەيكەلتىراشلىق مەدەنىيىتى بىلەن پولىنېزىيە تىلىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، پولىنېزىيەلىكلەر ئەسلىدىنلا ئارالدا بار بولغان يەرلىك ئاھالىلەردۇر. ئۇلار سىرتتىن كەلمىگەن. چۈنكى تىنچ ئوكياننىڭ تۆت تەرىپىگە يۇلتۇزدەك چېچىلىپ كەتكەن پولىنېزىيە تاقىم ئارىلى ئەسلىدە بىر پۈتۈن قۇرۇقلۇق بولۇپ، يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن ئاساسىي قۇرۇقلۇق دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپ بەزىبىر ئۇششاق ئاراللارلا قېپقالغان، ئېيىستېر ئارىلىدىكى پولىنېزىيەلىكلەر ھەقىقەتەنمۇ كېيىنكى ئامان قالغۇچىلاردۇر دەپ قارايدۇ.

ئەمما نورۋېگىيەلىك داڭلىق ئانتروپولوگىست، ئېكسپېدىتسىيەچى ھېيدار ۋەكىللىك قىلغان بىر قىسىم ئالىملار دەل ئەكسىچە كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئېيىستېر ئارىلىدىكى غايەت چوڭ ئادەم ھەيكىلىنى ياسىغۇچىلار غەرب ئەللىرىدىن كەلگەن پولىنېزىيەلىكلەر بولماستىن، شەرق تەرەپتىكى جەنۇبىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەنلەر دەپ قارايدۇ. ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، 1947- يىلى 4- ئاينىڭ 28- كۈنى ھېيدار قاتارلىق ئالتە كىشى سالغا ئولتۇرۇپ پېرۇدىن يولغا چىقىدۇ. ئۇلار شامال ۋە ئوكيان ئېقىمىغا تايىنىپ ئون كۈن لەيلەپ مېڭىپ، تىنچ ئوكياندىكى تومئاتو تاقىم ئاراللىرىغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ يەر ئېيىستېر ئارىلىغا قارىغاندا جەنۇبىي ئامېرىكىغا تېخىمۇ يىراق بىر جاي. ئۇ شۇنىڭ نەتىجىسىدە قەدىمكى جەنۇبىي ئامېرىكىلىقلار ئېھتىمال ئوكيان ئېقىمىنىڭ لەيلىتىپ كېلىشى بىلەن ئېيىستېر ئارىلىغا كېلىپ قالغان دەپ دەلىللەيدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر باشقا بىر خىل شەرھلەيدۇ: قەدىمكى دەۋردە، تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە ناھايىتى چوڭ قۇرۇقلۇق بولغان. ئۇ تىنچ قىتئە دەپ ئاتالغان. ئۇ يەردە يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئاھالىلەر ياشىغان، ئېيىستېر ئارىلى شۇ ۋاقىتتىكى تىنچ قىتئەسىنىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بىر كىچىك تاغ بولۇشى مۇمكىن، تىنچ قىتئەسىدىكى كىشىلەر بۇ يەرنى قەبرىستانلىق قىلغان. بۇ غايەت زور تاش ھەيكەللەرنى ئاشۇ تىنچ قىتئەلىكلەر ئويۇپ ياسىغان. بۇ ھەيكەللەر ئەمەلىيەتتە تىنچ قىتئەسىدە ئۆتكەن خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. كېيىن تىنچ قىتئەسىدىكى بىر مەيدان يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن چۆكۈپ كەتكەن، تا بۈگۈنگە قەدەر قېپقالغىنى ئاشۇ تىنچ قىتئەدىكى ئاراللار، ئېيىستېر ئارىلىمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىسىدۇر. مانا بۇلار مۇشۇنداق نوپۇس سانى ئاز بىر كىچىك ئارالدا، بۇنچە كۆپ ھەم شۇنداق چوڭ ھەيكەللەرنىڭ تىكلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب دەپ قارايدۇ. بىراق تىنچ قىتئەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش، دېڭىز- ئوكيان گېئولوگىيەلىك ئىلمىدە ئېرىشكەن يېتەرلىك پاكىت، شۇڭا بۇ خىل كۆز قاراش پەقەتلا بىر پەرەز.

بۇ گۇمانىي مەسىلىلەرنى يېشىپ تاشلاشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئارالدىكى يازما خاتىرىلەرنى تېپىش. ئېيىستېر ئارىلىدىكى نوپۇس گەرچە بەك ئاز بولسىمۇ، يەنىلا بىر خىل ئۆزىگە خاس يېزىقنى قوللانغان. بۇنداق يېزىق ئويۇلغان ياغاچ تاختا «سۆزلەيدىغان تاختا» دەپ ئاتالغان. يەرلىك كىشىلەر «كىخاۋۇ لاڭگى- لاڭگى» دەپ

تەرىپلەيدۇ. بۇ بىر خىل قىنىق قوڭۇر رەڭلىك يۇمىلاق ياغاچ تاختا بولۇپ، شەكلى قىپىق پالىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تاختاي ئۈستى ناھايىتى قويۇق ئىجىر-مىجىر ئويۇلغان يېزىق تەسۋىرى بىلەن لىق تولغان. بۇ خىل يېزىقنىڭ دۇنيادا ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ھەرقانداق بىر يېزىق بىلەن ئوخشاشلىقى يوق. بەزى بەلگىلەر مەلۇم بىر ھايۋانلارغا ئوخشاپ كەتسە، بەزىلىرى ئۆسۈملۈك ۋە ئاي، يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. يەنە نۇرغۇن بەلگىلەرنىڭ نېمە مەنىدە ئويۇلغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەزى ئالىملار «سۆزلەيدىغان تاختاي» بىلەن ئاۋستىرالىيە قىتئەسىدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ تاش ئويما رەسىملىرىدىن، قەدىمكى مىسىرنىڭ يېزىق تەسۋىرى بىلەن ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىپتىدائىي ئويما يېزىقنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن، بىراق ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەن.

بۇ خىل يېزىقنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش تەرتىپىمۇ بەك ئالاھىدە، دېمەك ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ ئالماشتۇرۇپ ئايلاندۇرۇپ يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بىر قۇر سولدىن ئوڭغا يېزىلسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قۇر ئوڭدىن سولغا قاراپ يېزىلغان، يەنە ئۇنىڭ ئاستىدىكى قۇر يەنە سولدىن ئوڭغا قاراپ يېزىلغان. ھەر بىر قۇر ئالدىنقى قۇر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالماشتۇرۇپ يېزىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. شۇنداق قىلىپ 1862-يىلى پېرۇدىكى قول بېدىكلىرى ئېبىاستېر ئارىلىدىكى يەرلىك ئاتامانلارنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن نەچچە يۈز يىل مابەينىدە ئارالدا بۇ خىل ياغاچ تاختايدىكى يېزىقنى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىدىغان ئادەم پەقەتلا تېپىلمىغان. تا بۈگۈنگە قەدەر 21 دانە «سۆزلەيدىغان تاختاي» بىلەن نەچچە پارچە مۇشۇنداق يېزىق ئويۇلغان قول ھۈنەر بۇيۇمى يىغىۋېلىنغان. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا لوندون، بېرلىن، ۋېنا، پېتىربۇرگ، ۋاشىنگتون، ھونولۇلۇ ۋە سانتىياگودىكى مۇزېيلاردا ساقلانماقتا. دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى نۇرغۇنلىغان يېزىق مۇتەخەسسىسلىرى، تىل مۇتەخەسسىسلىرى، ئىرق مۇتەخەسسىسلىرى ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىتا ئىلمىي تەكشۈرۈپ ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاۋۋالقىدەك يېشىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان.

كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئېبىاستېر ئارىلىدىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرى تۇرغان جاينى «دۇنيانىڭ كىندىكى» دەپ ئاتىغان. دەسلەپتە كىشىلەردە بۇنىڭغا قارىتا چۈشىنىش ھاسىل قىلىنمىغانىدى. كېيىن ئالەم ئايروپىلانىدىكى ئالەم ئۇچقۇچىسى ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ، يەر شارىغا نەزەر سالغاندا، بۇ خىل ئاتاشنىڭ مۇتلەق توغرىلىقىنى ئاندىن چۈشەنگەن — ئېبىاستېر ئارىلى يېگانە ھالدا پايانسىز كەتكەن تىنچ ئوكيانغا ئېسىلىپ تۇرغاچقا ھەقىقەتەنمۇ بىر كىچىككىنە «كىندىك»كە ئوخشايدۇ. ئەمما بۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاشلا ئايروپىلاندا ئولتۇرغاندا ئاندىن كۆرەلەيدىغان مەنزىرە، ئۇنداقتا ئېبىاستېر ئارىلىدىكى كىشىلەر بۇ ئۇقۇمنى قانداقلارچە شۇنچە بالدۇر بىلەلىگەن.

ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى «دۇنيانىڭ كىندىكى» دېگەن بۇ ئىسىم يەنە باشقا يەردىكى بىر سىرلىق جاينىڭ نامى بىلەن ئوخشاش. ئۇ جاي جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئاندىس ئېگىزلىكىدىكى دىدىكاكا كۆلى. كۆل بويىغا ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئاھالىلەر بۇ كۆلنىمۇ «دۇنيانىڭ كىندىكى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى 4000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بىرسى دېڭىزدىكى يالغۇز ئارال، يەنە بىرسى ئېگىز تاغ باغرىدىكى كۆل. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان مۇشۇنداق ئىسىمنى قويغان. بۇ پەقەت تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغانمىدۇ ياكى ئىككى جاينىڭ مەلۇم مەدەنىيەت ئالاقىسى بارمىدۇ؟

ئېبىاستېر ئارىلىدىكى ئاشۇ غايەت چوڭ تاش ھەيكەللەر تا بۈگۈنگە قەدەر سۈكۈتتە تۇرماقتا. بۇ تاش ھەيكەللەرنى زادى كىملەر ياساپ، قانداق تىكلەپ تۇرغۇزغان؟ مۇشۇنداق بىر سىرلىق مەدەنىيەت قانداق قىلىپ دۇنيا بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە تەنھا ئارالدا تەرەققىي قىلىپ يەنە قانداقلارچە يوقالغان؟ تا بۈگۈنگە قەدەر ھەرقانداق بىر ئىزاھلاش ئادەمنى ھەقىقىي قايىل قىلالمايدۇ. بىز بۇنىڭغا قارىتا ئاساسەن پەرەز قىلىشقا ئامالسىز بولساقمۇ بىراق يەنىلا شۇ پەرەز قىلىشقىلا تايىنىمىز خالاس.

بۇ بەلكىم كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدىمۇ ئاۋۋالقىدەكلا بىر تېپىشماق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ياكى بولمىسا مەڭگۈ يەشكىلى بولمايدىغان بىر سىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر**

(تەرجىمان: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)





主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)
电话:(0991)4554017　传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60　广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001　定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E-Mail:expt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر،
14 - قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991- 4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040